

ياش - ئۆسمۈرلەر ئەخلاقى تەربىيە مەجمۇئەسى

# ئەل-يۇرت ھەققىدىكى
# ماقال - تەمسىللەرگە شەرھى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئەخلاقىي تەربىيە مەجمۇئەسى

# ئەل-يۇرت ھەققىدىكى
# ماقال - تەمسىللەرگە شەرھى

تۈزگۈچى: ئابدۇۋايىت مۆلجەرى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

爱国爱民谚语：维吾尔文/阿不都瓦依提•穆加力编写. —乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2010.8
（青少年德育教育丛书）
ISBN 978-7-5372-4740-5

Ⅰ.①爱… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①维吾尔族—谚语—汇编—中国—青少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第154758号

丛 书 名：青少年德育教育丛书
策　　划：艾则孜•阿塔伍拉•萨尔特肯
编　　写：阿不都瓦依提•穆加力
责任编辑：木再排尔•热扎克、优力图孜•乌其洪江
责任校对：乔尔帕•吐尔逊、早热古丽•司地克
封面设计：努尔买买提•吾买尔
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2010年8月第1版
印　　次：2010年8月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米 1/32开本 4.875印张 插页4
字　　数：85千字
书　　号：ISBN 978-7-5372-4740-5
印　　数：1—8100
定　　价：10.00元

发行科联系电话：(0991)2823055 邮编：830001

# مۇندەرىجە


ئېگىز تاغنى يەر كۆتۈرەر، يۇرت نامىنى ئەر (كۆتۈرەر) ··· 1

ئەلدىن ئايرىلغىچە، جاندىن ئايرىل ················· 3

تۇغۇلغان يۇرتنىڭ تېشى ئالتۇن، سۈيى شەربەت ········ 5

يۇرتتا تەڭسىزلىك بولسا، كۆڭۈل ئەنسىزلىكتە قالۇر ··· 7

ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار، ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار ······ 9

ئەر قاغىسا بىر بالا، ئەل قاغىسا مىڭ بالا ············ 11

قوۋم تەۋرىسە يەرگە پاتار، ئەل تەۋرىسە نەگە پاتار ········ 13

ئەل ئۈچۈن ئۆلسەڭ كۈلۈپ ئۆل ················· 15

كىشى تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز، تاش چۈشكەن يېرىدە (ئەزىز) ····························· 17

تاغدىن يىقىلساڭ يىقىل، ئەل نەزىرىدىن يىقىلما ······ 19

يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار، يۇرتىدىن ئايرىلغان يەتمىش يىل (يىغلار) ···························· 21

سەركىسىز چارۋا يولدىن ئازار ······················ 23

بېشىڭدا ئالتۇن تاج بولسىمۇ، سەن ئەلگە موهتاج ······ 25

ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سۈيى ياخشى، ئاڭلاي دېسەڭ كۈيى ياخشى ································ 27

ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ، ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىمە كۆپ ··· 29

هۆپۆپكىمۇ ئۆز ماكانى ئەزىز .......................... 31
ئەلنىڭ نومۇسى — ئەرنىڭ نومۇسى .................. 33
تومۇرۇڭدا ۋەتەننىڭ قېنى، دىمىغىڭدا ۋەتەننىڭ ھىدى ... 35
زېمىن چىرىماس، ئەل قېرىماس ..................... 37
ئەل قوينى جەننەت ................................ 39
مۇساپىردەك غېرىب بولماس، يۇرتىنى يەردە تېرىپ
بولماس ............................................ 41
ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا، ياقا يۇرت — ئۆگەي ئانا ... 43
يۇرتىغا پاتمىغان جاھانغا پاتماس .................... 45
يىگىت ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئەل ئۈچۈن ئۆلەر ...... 47
ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى ... 49
ئەمەلدىن كەچ، ئەلدىن كەچمە ......................... 51
ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك ................................ 53
ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە، ئەلنىڭ بالىسى بول ......... 55
دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما، ئەلنىڭ رەنجىشىدىن
قورق ............................................... 57
بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ ياخشى ........... 59
يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل - يۇرت ........................ 61
دىتسىز مىنگىلى ئۇلاغ تاپالماس، ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن
روناق تاپالماس ..................................... 63
بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما .............................. 65
ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس .................. 67

سۇيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۇيى (يوق) ........................ 69
جايى يوقنىڭ جېنى يوق ........................ 71
ئۆز يۇرتۇڭدا خارلانغىچە، كىشىنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر بول ........................ 73
ئىناق ئەلدە جاپا يوق، ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا يوق ........ 75
پەرۋانىگە ئوت ياخشى، پالۋانغا يۇرت ياخشى ........ 77
چەتكە چىقساڭ چەتنەپ كېتەرسەن ........................ 79
يۇرت سۆيمىگەننىڭ دىلى قارا بولىدۇ، يۇرت سۆيەر ئەر راۋۇرۇس بولىدۇ ........................ 81
ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس ........................ 83
ئەلنى ئويلىغان ئۇخلىماس ........................ 85
ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار، يۇز يىلدا قازان (يېڭىلىنار) ... 87
ئەلنى ئالدىغان تورغا چۇشەر ........................ 89
سەن تاش سانىساڭ، خەلق قۇم سانايدۇ ........................ 91
نەگە بارساڭ شۇ يەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيت ........................ 93
تۇرغان يەردىن تۇغۇلغان يەر ئەلا ........................ 95
ئەلدىن ئەلگە نەپ، ئەردىن ئەلگە نەپ ........................ 97
دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق ........................ 99
كۇچۇڭنى يەرگە ئىشلەت، بىلىمىڭنى ئەلگە (ئىشلەت) ... 101
سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق، ۋەتەنسىزنىڭ يۇزى يوق ... 103

تاغ تاغقا قوشۇلماس، ئەل ئەلگە قوشۇلار ··············· 105

ئەل قالار، ئادەت قالماس ··············· 107

يامغۇر ياغسا يەرنىڭ بەرىكىتى، مەرد تۇغۇلسا ئەلنىڭ
بەرىكىتى ··············· 109

ئەل ئىشىغا ئىرىنمە، مىننەت قىلىپ كىرىلمە ··············· 111

ئەلنى شاد قىلساڭ ئىشىڭنى يەرسەن، ئەلنى قاقشاتساڭ
بېشىڭنى (يەرسەن) ··············· 113

دەرەخ قانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن تۇپراقتىن
ئايرىلالماس ··············· 115

دەردى بار بوستاندىن، دەردى يوق چۆل ياخشى ··············· 117

ئۆيدىن ئاغرىنىپ يۇرتىنى تاشلاپتۇ، سەرگەردان بولۇپ
كۆزىنى ياشلاپتۇ ··············· 119

يۇرتتىن ئايرىلساڭ يۇرت قەدرىنى بىلىسەن ··············· 121

ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلما ··············· 123

گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار، يۇرت دېگەننىڭ قورغۇچىسى
(بار) ··············· 125

ۋەتىنىڭ قۇدرەت تاپسا، جان ـ تېنىڭ راھەت تاپىدۇ ··· 127

ئادەم ئۇلۇغ — يەر ئۇلۇغ ··············· 129

ئەل سۆيمىگەن ئەردىن، گىياھ ئۈنمىگەن يەر ياخشى ··· 131

غېمىڭ ئەلدە بولسا، ئۆمرۈڭ ئۇزار، غېمىڭ ئۆزۈڭدە
بولسا، بەختىڭ تۇزار ··············· 133

ئەلگە ئەل قوشۇلسا دۆلەت، ئەلدىن ئەل كەتسە قىيامەت ··· 135

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس ··· 137
ئەلدىن تانغانلىق ــ ئەقىلدىن ئازغانلىق ··············· 139
بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل ········· 141
ساداقەتمەن بول ئېلىڭگە، ھەمدەم بولۇر غېمىڭگە ······ 143
ئەلىنىڭ بالىسى بولساڭ ئەر بولىسەن، بولمىسا يەر
بولىسەن ································· 145
ئەل ئۆچۈن ئوتقا چۈشسەڭ كۆيمەيسەن ················ 147
كۆزسىز ياشىساڭمۇ، ئەلسىز ياشىيالمايسەن ··········· 149

# ئېگىز تاغنى يەر كۆتۈرەر، يۇرت نامنى ئەر (كۆتۈرەر)

تارىختىن بۇيان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەر شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن پەيلاسوپ، ئالىم، ئەدىب قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. مەسىلەن: دىيارىمىزدىكى قەدىمي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر دىيارى مەھمۇد قەشقىرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلىرى بىلەن؛ يەركەن دىيارى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مەلىكە ئامانىسساخان، قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق ئالىم، شائىر ۋە مۇزىكانتلىرى بىلەن؛ ئىراننىڭ شىراز شەھىرى خوجا ھاپىز شىرازى، شەيخ سەئىدەت شىرازى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلىرى بىلەن؛ ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدىكى ھىرات شەھىرى ئەينى چاغدىكى ئابدۇراخمان جامى، ئەلشىر ناۋايى قاتارلىق ئەربابلىرى بىلەن؛ سەمەرقەنت شەھىرى مىرزا ئۇلۇغبەك قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرت بىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز

نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. بىز مەيلى قانچىلىك مەشھۇر ئادەم بولۇپ كېتەيلى، بىزنىڭ ئېرىشكەن شان ـ شەرەپ، تۆھپىلىرىمىز پۈتۈنلەي يۇرتىمىزغا مەنسۇپ. شۇڭا بىز ئىلىم ـ پەندە يۈكسىلىپ، يۇرتىمىزغا، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ، ئاشۇ تۆھپىلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە ئانا يۇرتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن تىرىشايلى.

# ئەلدىن ئايرىلغىچە، جاندىن ئايرىل

ئادەم مەيلى قانچىلىك پۇلدار، باي بولۇپ كەتسۇن، مەيلى قانچىلىك پالۋان ـ باتۇر بولۇپ كەتسۇن، مەيلى قانچىلىك بىلىملىك ۋە ئەقىللىق بولۇپ كەتسۇن ھەرگىز ۋە مەڭگۈ ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشىيالمايدۇ. بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەل ـ جامائەت شۇقەدەر مۇھىم ۋە ئۇلۇغكى، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە شانلىق مەدەنىيىتىمىز، گۈزەل ئەخلاقىمىز ۋە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان چىرايلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ئەنە شۇ ئەل ـ جامائەتنىڭ ھىممىتى، ئاسرىشى، پەرۋىشى بىلەن ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇلىنىپ، ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى ــ ياش ئالىم ئەسئەت سۇلايمان بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: «روسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىسى پىروژوۋالىسكىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق بىر قىزىق ئىش يېزىلغان: ئۇ لوپنۇرغا كېلىشىدە چېدىر تىككەندە ئىشلىتىش ئۇچۇن ناھايىتى سېپتا بىر پولات زەنجىر ئېلىپ كېلىدىكەن، كېيىن بۇ پولات زەنجىر ئۇ ياتقان چېدىردا يوقاپ كېتىدىكەن. زەنجىر

ئوغرىسى تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى جامائەت يىغىنى چاقىرىپ زەنجىر ئوغرىسىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدىكەن. بۇ چاغدا پىروژۋۇالىسكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقىلىغا يالۋۇرۇپ زەنجىر ئوغرىسىنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالىدىكەن، كېيىن ئاقساقال بۇ ئوغرىغا يۇرتىدىن كېتىش، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەسلىك جازاسى بېرىدىكەن. لېكىن بۇ ئوغرى: (مېنىڭ جامائەتتىن ئايرىلغىنىمدىن كۆرە مۇشۇ يەردە ئۆلگىنىم ياخشى!) دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالىدىكەن»[1]

# تۇغۇلغان يۇرتنىڭ تېشى ئالتۇن، سۈيى شەربەت

زېمىن يۈزىدىكى ھەممە يۇرتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق گۈزەللىكى ۋە ئەۋزەللىكى بولىدۇ، لېكىن ھەر ئادەمگە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەممىدىن بەكرەك گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ. بىر بوۋاق يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچتى دېيلى، ئۇنىڭ دەسلەپ ئىچىدىغىنى شۇ يۇرتنىڭ سۈيى، كۆرىدىغىنى شۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى، گۈزەل مەنزىلىرى، يېگىنى شۇ يۇرتنىڭ ئاش ـ نېنى، دەسسەپ تۇرغىنى شۇ يۇرتنىڭ تۇپىسى، قىسقىسى يۇرت بىلەن شۇ يۇرتتا دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەربىر ئادەمنىڭ جان ۋە تېنى گويا قان بىلەن گۆشتەك مۇستەھكەم بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا يۇرتتىن ئايرىلىپ يىراق جايلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر ئۆز يۇرتىنى ئەسلىگەندە، يۇرتنىڭ ئادەملىرى تۇرماق، تاش ـ تۇپرىقىمۇ ئالتۇندەك، سۇلىرى شەربەتتەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ تالاي شائىرلىرىمىز تارىختىن بۇيان يۇرتنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى كۈيلەپ، يۇرت ـ ۋەتەن ھەققىدە ئاجايىپ يالقۇنلۇق، گۈزەل شېئىرلارنى يېزىشقان.

كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولغان خوتەنلىك لىرىك شائىر نەۋبەتىنىڭ مۇنۇ شېئىرى كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ:

رەۋزىگە مانەند خەيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
خوجەستە خاكى رەھمەت سۇرمەسىدۇر،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بولسەسى تۇرغە شىرىندۇر،
ھۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىگە ھىلال ئەت خوتەننى...

ئېھ ئانا يۇرت، ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى سۆيۈملۈكتۇر، ئانا يۇرت بىزگە ھەممىدىن سۆيۈملۈكتۇر!

# يۇرتتا تەڭسىزلىك بولسا، كۆڭۈل ئەنسىزلىكتە قالۇر

ھەربىر يۇرت بىلەن شۇ يۇرتتا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ تەقدىرى چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. يۇرت ئاۋات، مەمۇرچىلىق بولسا، شۇ يۇرت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، باياشات ئۆتىدۇ. يۇرتتا تەڭسىزلىك، زورلۇق - زومبۇلۇق ئەۋج ئالسا، شۇ يۇرتتا ياشىغان خەلقنىڭ ھالى خارابلىشىدۇ. تەڭسىزلىك، زۇلۇم كۆپەيگەن يۇرتتا گۇناھ ئىشلار، جىنايى قىلمىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ، ياخشى كىشىلەر، جۈملىدىن بىگۇناھ خەلق خارلىنىدۇ. ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئامالسىزلىقتىن ئەزىز يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان - مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار دۇنيا تارىخىدا، جۈملىدىن ئۆز تارىخىمىزدىمۇ كۆپ كۆرۈلگەن. مەسىلەن: شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، جىڭ شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ۋە قانخور جاللات شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تەڭسىزلىك، زۇلۇم چېكىدىن

ئاشقان، خەلقىمىز قاڭغىر قاقشىغان، سان ـ ساناقسىز بىگۇناھ پۇقرالار ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 61 يىل مابەينىدە خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشىلانغان.

## ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
## ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار

بۇ ماقالىغا ناھايىتى چوڭقۇر ھېكمەت يوشۇرۇنغان. يەنى، ئەر دېگەن نېمە؟ ئەر دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ؟ ئەرنىڭ بويىنىغا قانداق قەرز ۋە پەرز يۈكلەنگەن؟ ئەر كىم ئۈچۈن ۋە قانداق ياشىشى كېرەك؟ دېگەندەك ئەقلى ئويغاق ھەرقانداق بىر ئەر بىلىشكە تېگىشلىك ھايات ھەقىقەتلىرى مانا مۇشۇ ماقالىغا مۇجەسسەملەنگەن.

ھەقىقىي ئەر ئۆزى ئۈچۈن ياكى ئائىلىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى، يۇرت ـ ۋەتىنى ئۈچۈن ياشايدۇ. خەلق كۈلسە تەڭ كۈلىدۇ، خەلق يىغلىسا تەڭ يىغلايدۇ. خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە جانپىدالىق بىلەن شۇ مۈشكۈللۈكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ يولدا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ.

خۇددى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر ناۋايى ئېيتقاندەك:

كىمكى ئەل خىزمىتىگە ئۆمرىنى سەرپ ئېتەر،

ئەگەر ئۆمرى كېتەر مەڭگۈلۈك ئۆمۈرگە يېتەر.
ئادىمى ئېرىسەڭ دېمەگىن ئادىمى،
ئۇنىڭكى يوق ئەل غەمدىن غەمى.

ناۋادا بىر ئەر ۋەتەننى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىققان سادىر پالۋان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پىداكار ئەرلىرىمىز ئەل ئۈچۈن، ئەلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن تاكى ئاخىرقى نەپىسىگىچە كۈرەش قىلىپ ياشىدى. ئەل ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. شۇڭا خەلقىمىز ئۇلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئەتمەكتە ۋە مەڭگۈ ياد ئەتكۈسى.

## ئەر قاغسا بىر بالا، ئەل قاغسا مىڭ بالا

ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئەل ـ جامائەتنىڭ لەنەت ـ قارغىشىغا ئۇچراپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق. ئەلگە زورلۇق سالغان، ئەلنى قاقشاتقان كىشى ئاخىر ئەلنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ. ئەلنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئادەم شۇنچىلىك خارلىنىپ قالىدۇكى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، ياردەم قولىنى سۇنىدىغانىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. باشقا ئادەملەر ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆلسە، ئەلنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان ئادەم كۈندە يۈز قېتىم ئۆلىدۇ. نەگە بارسا، نەدە تۇرسا ئەلنىڭ نەپرىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ناۋادا يۇرتنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كەتسىمۇ ھەرگىز روناق تاپالمايدۇ. خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئەل ئىچىدە ئىناۋىتى بولسا، ئۇ ئادەم يىغلىسا ئەلمۇ تەڭ يىغلايدۇ، ئۇ كۈلسە ئەلمۇ تەڭ كۈلىدۇ. ناۋادا بىر كىم ئەلنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان بولسىچۇ؟ ئۇنداق كىشىگە بۇ دۇنيا گۆردەك قاراڭغۇ ۋە تار تۇيۇلىدۇ. مىڭ تىرىشسىمۇ روناق تاپالمايدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەر توغرىسىدا ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئەپەندى مۇنداق يازغان:

يىلتىز يېيىپ تاغدا ئۆسكەچ قارىغاي،
ياشايدۇ كۆكرىپ قىش - ياز سولاشماي.
جۇدا بولسا ئەلنىڭ مېھرىدىن كىشى،
ئۇنىڭكى ھالىغا ملڭ ۋاي، يەنە ۋاي!

شۇڭا ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۆز ئۆمرىدە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئەلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى، ئەلنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

## قوْم تەۋرىسە يەرگە پاتار، ئەل تەۋرىسە نەگە پاتار

جاھاندا ئەلنىڭ كۆچىگە توغرا كېلىدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ يوق. بىرەر ئىشتا ئەلنىڭ بىرلىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتكە كېلىپ ئاتلانمىقى تەس. لېكىن ئەل خالىسا تاغنى تالقان قىلىۋېتەلەيدۇ. ئەل قوزغىلىپ كەتسە، قولىغا قورال ئېلىپ زالىم دۈشمەنگە قارشى ئاتلانسا دۈشمەنلەرنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتەلەيدۇ.

جاھان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، نى ـ نى قۇدرەتلىك خانلىقلار، سۇلالىلەر ئاخىر ئەلنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن زاۋال تاپقان. نى ـ نى يېڭى خاندانلىق، سۇلالىلەر خەلقنىڭ كۈچى بىلەن قۇدرەت تاپقان. خەلق گۈركىرەپ چىققان بورانغا ئوخشايدۇكى، يەر زېمىننى تىترىتىدۇ. خەلق گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان غايەت زور ئوت يالقۇنىغا ئوخشايدۇكى، ئەگەر قەھر ـ غەزەپكە كەلسە ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيدۇ. خەلق شىددەت بىلەن ئاققان كەلكۈن سۈيىگە ئوخشايدۇكى، زېمىن يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتەلەيدۇ. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن

مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەر، پادىشاھ، سۇلتانلار، سەركەردە ـ قوماندانلار، دانىشمەنلەرنىڭ ھەممىسى خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، قوللىشى ئاستىدىلا ئۇلار چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر ھەم تەڭداشسىزدۇر. ئەگەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر مەقسەتتە تىرىشساقلا ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرەلەيمىز.

# ئەل ئۈچۈن ئۆلسەڭ كۆلۈپ ئۆل

دۇنياغا كېلىپ ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. شاھمۇ، گادايمۇ، ئەرمۇ، ئايالمۇ، ئالىممۇ، زالىممۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلۈم ياش ـ قېرىغا، ھوقۇق ـ مەرتىۋە، ئابرۇي، چىراي، ياخشى ـ يامانغا باقمايدۇ. ئەمما ئۆلۈمنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار كىچە ـ كۈندۈز ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە، ھەتتا ئۆمۈربويى شۇنداق ياشايدۇ. ئۇلار ئۆلۈپ، قاراڭغۇ گۆرگە كىرىپ كەتكەندەك يوق ھېسابتا ياشايدۇ. ئۇنداق كىشىلەردىن ھېچبىر نام ـ نىشان قالمايدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەمىشە ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ ياشايدۇ. ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن تارتقان جاپانى راھەت دەپ بىلىدۇ. ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ئادىل سوتچىنىڭ ھەممە ئادەمگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ھاياتىدا ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر بېشىغا ئۆلۈم كەلگەندە دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەخمەق، نادان كىشىلەردەك مال ـ دۇنياسىغا قايغۇرۇپ، ئاھ

ئۇرۇپ كەتمەيدۇ.

ئەل ئۇچۇن ئۆلۈپ كەتكەن، يىغلاپ ئەمەس كۈلۈپ كەتكەن نۇرغۇن پىداكار ئوغلانلىرىمىزنى خەلقىمىز ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ كەلمەكتە، بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق يازغان:

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،
تىرىكلىك قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە.
لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە ياشار شۇنچە.

# كىشى تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز، تاش چۈشكەن يېرىدە (ئەزىز)

بۇ ماقال خەلقىمىز ئىچىگە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. يۇرتنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ ماقال تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا غېرىپ ـ مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن تالاي كىشىلىرىمىز ئۆز تەجرىبىلىرىنى مۇشۇ ماقالغا خۇلاسىلىگەن بولسا كېرەك.

كىشى ئۆز يۇرتىدا ھەممىدىن بەك تېگىشلىك ھۆرمەتكە، ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئۆز يۇرتىدا مىڭ جاپا تارتسىمۇ، كۆندە زاغرا يەپ، سوغۇق سۇ ئىچسىمۇ ھېچبولمىغاندا غېرىبسىنمايدۇ، خاتىرجەم ياشىيالايدۇ. ئۆز يۇرتىدا خاتىرجەم ياشاۋاتقان بىر كىشى گەرچە كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى باي، بەختلىك ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر بېشىغا كۈلپەت كەلسە قوۋم ـ قېرىنداشلىرى، يۇرت جامائىتى ۋاقتىدا ياردەم قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ھەممە ئىشىغا باشپاناھ بولالايدىغان قەدىردان ئەل ـ جامائەت بار يەردە كىممۇ ئۆزىنى غېرىب ھېس قىلسۇن؟ ۋەھالەنكى ياقا يۇرتتا

سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرگە بۇنداق قەدىردانلار نەدە تۇرۇپتۇ؟ بۇنداق ھۆرمەت ـ شەپقەت نەدە تۇرۇپتۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ قانچە يىراق ئەللەرگە بارغانسېرى ئۆز يۇرتىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، سېغىنىش ھېسسىياتى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۆز يۇرتىنىڭ ئادەملىرى تاغۇ تاش، دەريا ـ ئۆستەڭ، ئېتىز ـ باغلار، ھەتتا ھەر چىمدىم تۇپراق، ھەربىر تال گىياھقىچە باشقىچە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. يات ئەلدىكى تەنھالىق، روھىي ئازاب ئادەمنى تۈگەشتۈرىدۇ.

# تاغدىن يىقىلساڭ يىقىل، ئەل نەزىرىدىن يىقىلما

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆرمىتى، ئابرۇيى ـ ئىناۋىتى، دوست ـ دۈشمىنى بولىدۇ. ئەل ـ يۇرت ئىچىدە تېگىشلىك ئىناۋەت تېپىشمۇ، ئىناۋىتىنى يوق قىلىپ خارلىنىپ قېلىشمۇ شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا باغلىقتۇر. ئەگەر سەن گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولساڭ ۋە خەلقىڭگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بەرەلىسەڭ، ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق بولىسەن. ئەكسىچە ئەسكىلىك قىلساڭ، ئەلنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە ئۇچرايسەن، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسەن. ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم سېنى يامان كۆرىدۇ. ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تاغارلاپ پۇل خەجلەپمۇ يوقاتقان ئابرۇيۇڭنى قايتا قولغا كەلتۈرەلمەيسەن. شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق. بىر ئادەم مەلۇم سەۋەب بىلەن دەرەختىن ياكى ئېگىز تامدىن يىقىلىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، داۋالىنىش ئارقىلىق ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟ بۇنىڭغا ھېچقانداق داۋا تېپىلمايدۇ. ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى كىشىلەر ئارىغا ئالمايدۇ، بېشىغا كۈن

چۈشسە ياردەم قىلىدىغانغىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. ئۇنداق ئادەمگە ياخشى دوستمۇ چىقمايدۇ. خۇددى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن قاچقۇن جىنايەتچىدەك ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە خۇدۇكسىرەپ، نەپرەتلىك كۆزلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە يۈرىكى مۇجۇلۇپ ياشايدۇ. ھەتتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ دۇنيادىن شۇنچىلىك خار ۋە ئېتىبارسىز ھالدا كېتىدۇ.

# يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
# يۇرتىدىن ئايرىلغان يەتمىش يىل (يىغلار)

ئىنسان بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە خىلمۇخىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ ياشايدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ ۋە نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: پۇل، ھوقۇق، يەر - زېمىن، پەرزەنت، دوست - يارقاتارلىقلار. لېكىن ئىنسان ئۈچۈن ھېچقانداق بىر جۇدالىق، دەرد - ئەلەم يۇرت - ۋەتىنىدىن ئايرىلغان جۇدالىقتەك ئېغىر ۋە ئېچىنىشلىق بولمايدۇ. بۇنى شەرھلەشنىڭ ھاجىتى يوق. چەت ئەللەردىكى بەزى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شۇنچە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ يەنە يۇرتىغا بولغان سېغىنىشى، تەلپۈنۈشلىرى، باشقا يۇرتلاردا ياشاۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، يۇرتىنى كۆزىگە ياش ئېلىپ ئەسلەشلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەينى يىللاردا ئىلىدىن چارروسىيە زېمىنىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن خەلقىمىزنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئېيتقان مۇنۇ قوشاقلىرىدىكى ئاھۇ - نادامەتلىرى ھەرقانداق باغرى تاش ئادەمنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدۇ.

كۆچ ـ كۆچ دېسە قورقمامدۇ،
كۆرۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر...

ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ يات ئەللەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ ياشىغان ئاشۇ خەلقىمىز ئەينى يىللاردا قانچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولغىيتتى ـ ھە؟! بۇ ماقال بەلكىم ئەنە شۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىبرەتنامىسى، پەند ـ نەسىھەتلىرىنىڭ جەۋھىرى بولسا كېرەك.

# سەركىسىز چارۋا يولدىن ئازار

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان. ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىغۇچىلارغا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزىگە تۇشلۇق سىر ـ ھېكمەتنى نامايان قىلىدۇ. ئالايلۇق، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان تۇرنىلار بىر باشلىغۇچىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ شۇنچىلىك تەرتىپلىك ۋە تەكشى ئۇچىدۇكى، يىراقتىن قارايدىغان بولسىڭىز خۇددى ھەممىسى بىر تۈز سىزىقنى بويلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز. يەردە مىغىلدىشىپ يۈرگەن چۈمۈلىلەرمۇ پادىشاھ چۈمۈلىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىدۇ. تەجرىبىلىك پادىچىلار ھەمىشە نەچچە يۈز قوي، ئۆچكىنى بىر ياخشى سەركە (پىچىلغان ئەركەك ئۆچكە) نىڭ كەينىگە سېلىپ قويۇپ شۇ ئارقىلىق ئاسانلا باشقۇرىدۇ. سەركە نەگە ماڭسا قالغانلىرىمۇ ئەگىشىپ شۇ يەرگە ماڭىدۇ. سەركىسىدىن ئايرىلسا ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ.

ئادەملەر ئۈچۈنمۇ بۇ دۇنيادا ئەلنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان يولباشچىلارنىڭ بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر. جەڭ

مەيداندا بىر قابىل قوماندانىنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغىنىدەك ۋە تولا چاغلاردا تەجرىبىلىك، باتۇرقوماندانغا تۇيۇقسىز ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتسە، پۈتۈن قوشۇن تالاپەتكە ئۇچراپ مەغلۇپ بولغىنىدەك، ئەل ئىچىدىمۇ ھەق ـ ناھەقنى، ھالال ـ ھارامنى، توغرا ـ خاتانى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يولباشچىلار بولمىسا ۋە ئاشۇ يولباشچىلار ئەلنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ تۇرمىسا بۇ ئەلنىڭ ھالى خارابلىشىدۇ. بۇ ھەقتە بىر ئۇلۇغ زات مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدىكى ئالىملار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھاننى يورۇتىشى بىلەن قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا، يول يۈرگەنلەر ئېزىپ قالغىلى تاس قالىدۇ».

# بېشىڭدا ئالتۇن تاج بولسىمۇ، سەن ئەلگە موھتاج

دۇنيادا ھېچبىر ئادەم ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشالمايدۇ. ئائىلىۋىق، ياشاش ئۈچۈن ھەممىمىزگە ئاش ـ ئوزۇق، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ئۆي ··· قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەر كېرەك. بۇ نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىر ياكى بىرنەچچىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. خەلق ئورتاق تىرىشقاندىلا ئاندىن ئاشۇ نەرسىلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزگە لايىق زۆرۈر نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. شۇڭا ئەلنىڭ ھىممىتى چەكسىزدۇر. پادىشاھتىن تارتىپ قەلەندەرگىچە، ئالىمدىن تارتىپ زالىمغىچە ھەممە ئادەم ئەلنىڭ شاپائىتىگە موھتاج. مىسالى سەن ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخ بولساڭ، ئەل سېنىڭ يىلتىزىڭدۇر. يىلتىزىڭ بولمىسا سەن قۇرۇپ قالىسەن. سەن بىر تامچە سۇ بولساڭ، ئەل دەريا ياكى كۆلگە ئوخشايدۇ. بىر تامچە سۇ دەريا ـ ئۆستەڭ، كۆللەردىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇكى، ناۋادا تاش ياكى تۇپراقتا بولسا پارلىنىپ يوقاپ كېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سەن ھەرقانچە چوڭ ئەمەل تۇتقان بولساڭمۇ بەربىر ئەلدىن

ئايرىلالمايسەن، چۈنكى ھوقۇق ساڭا مەڭگۈ بەخشەندە ئەمەس. ئەگەر ھوقۇقىڭنىڭ بارىدا ئەلگە پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلىگەن بولساڭ، ھوقۇقتىن يىقىلساڭ يەنە ئەلنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىسەن، ئەكسىچە ھوقۇق تۇتقاندا ئەلگە زۇلۇم قىلغان بولساڭ، ئەل ساڭا نەپرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ.

تەكەببۇر يالغىماس،
يالىڭاچ ئىسسىماس.

## ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سۈيى ياخشى، ئاڭلاي دېسەڭ كۈيى ياخشى

ئۆز يۇرتىنىڭ سۈيىدەك تاتلىق، لەززەتلىك سۇ نەدە؟ ئۆز يۇرتىنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىدەك يېقىملىق كۈيلەر، چىرايلىق ئۇسسۇل نەدە؟ بىزنىڭ قەلبىمىزگە زوق، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، بىزنى كۈلدۈرەلەيدىغان، بىزنى يىغلىتالايدىغان، مۇزلىغان يۈرەكلەرنى ئېرىتەلەيدىغان، جانغا جان ئۇلايدىغان، ھاياتقا، ياشاشقا، گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچ، غەيرەت - شىجائەت، ئەقىدە - ئېتىقاد بەخش ئېتەلەيدىغان يېقىملىق، مۇڭلۇق، تەڭداشسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە خەلق ناخشىلىرىمىز، پۈتۈن جاھان خەلقىنى ھەيرەتتە قالدۇرالايدىغان ئون ئىككى مۇقامىمىز، ئۇسسۇل - سامالىرىمىز بىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۇلاسى، مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ جاكاسىدۇر. ئاشۇ ئۆلمەس ناخشىلىرىمىزنى ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر مابەينىدە ئېيتىپ بىزلەرگە مىراس قالدۇرغان. بىزمۇ ئېيتىپ كېلىۋاتىمىز. ئېيتىپ - ئېيتىپ ھارمايمىز، ئاڭلاپ - ئاڭلاپ قانمايمىز. چۈنكى ئۆزىمىزنىڭ ناخشا - كۈيلىرىمىزنىڭ سېھرىي

كۆچىنى ئۆزىمىزلا ئەڭ ياخشى چۈشىنىمىز.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «مەن لوندوندا مۇنداق بىر ئىشنى، يەنى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ (مىراجىخان)، (تاشۋاي) دېگەندەك خەلق مۇزىكا ـ ناخشىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، مەن قىزىقىپ ئۇلاردىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، ئۇلار (بىز ۋەتەندىكى چېغىمىزدا ياۋروپا ناخشىچىلىرىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان ئىدۇق، بۇ يەرگە كېلىپ ئۆز خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتتۇق، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىدىن باشقا ناخشىلارنى ئاڭلىغۇمىزمۇ كەلمەيدۇ، دېدى)» دېمىسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ناخشىلىرىمىزلا بىزگە ئەڭ چوڭ روھىي ئوزۇق، ئىلھام ـ جاسارەت ئاتا قىلالايدۇ.

# ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
# ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىمە كۆپ

ئەل ـ يۇرتنىڭ روناق تېپىشى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ ئەلنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇپ ياشىيالىشىغا باغلىق، خەلقنىڭ ھالى خاراب، يۇرتنىڭ ۋەيران بولۇشىمۇ ئوخشاشلا ئەلنىڭ ئىناقسىزلىقى، زۇلۇم ـ جاھالەت، گۇناھ ـ جىنايەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىمىز ئۇزاق تارىختا ئىگە مەدەنىيەتلىك خەلق بولساقمۇ يېقىنقى تۆت ـ بەش ئەسىر مابەينىدە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق. تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن ئېغىر پاجىئە، ئېچىنىشلىق قىسمەت، خارلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن. تارىختىن بېرى بىزدىن چىققان ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىز، دانىشمەنلىرىمىز بۇ ھەقتە بىزگە نۇرغۇن پەند ـ نەسىھەتلەرنى قىلغان. قېنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ باقايلىچۇ، ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق دەيدۇ:

سوئال: ئىززەت ـ ئابروي ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت نېمە بىلەن

بولۇر؟

جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر».

ئالىم ۋە شائىر ئەھمەد زىيائى مۇنداق يازغان:

«ۋەتەن ـ تەن بىئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈللىنىشى».

مانا بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر بىزگە مەڭگۈ قىبلىنامە بولالايدۇ. پەقەت ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ قول تۇتۇشۇپ، تەڭ ئىلگىرلىگەندىلا ۋەتەننى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

# هۆپۈپكىمۇ ئۆز ماكانى ئەزىز

ئۆز ماكانىنى قەدىرلەش، ئۆز يۇرت ـ ماكانىنى ھەممە يۇرت، ھەممە يەردىن ئەلا بىلىش ئادەملەرنىڭلا تەبىئىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھايۋان، ئۇچار قۇشلار چىغىدىمۇ ئۆز ماكانىنى ئۇلۇغلايدۇ. ياۋايى ھايۋانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار بىرەر تاغ، جاڭگال، ئورمانلىق ياكى دەريا ـ كۆل بويلىرىدا ماكانلاشقان بولسا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاشۇ ماكاندىن ئايرىلمايدۇ، ئۇ يەرنى قوغدايدۇ. ئۆز جىنسىدىن باشقا ھايۋان ياكى ئادەملەرنىڭ ئۆز ماكانىغا تاجاۋۇز قىلىشىنى ـ جەھلى بىلەن توسىدۇ. ئۇچار ـ قۇشلارمۇ شۇنداق. قۇشلار ئەتىگەندە ئوزۇق ئىزدەپ نە ـ نەلەرگە كەتكەن بولسا، يەنە كەچتە ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا يۇرتىمىزغا كېلىپ ئۇۋا سېلىپ ھايات تەنتەنىسىنى ياڭراتقان ھۆپۈپ، تۇمۇچۇق، قارا قۇشقاچ، پاختەك، قارلىغاچ قاتارلىق پەسىل قۇشلىرى كۈزدە ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىغا ئۇچۇپ كەتكەن بولسا، كېيىنكى يىلى يەنە ئالدىنقى يىلى ياشىغان كەنت ـ مەھەللە، ئورمانلىقلارغا ئۇچۇپ كېلىپ ئۆز ئۇۋىلىرىغا ماكانلىشىدۇ.

مەن تالاي قېتىم چوڭلارنىڭ ئېغىزىدىن كالىنىڭ بىر كۈنلۈك يەردىن ئۆز ئېغىلىغا قايتىپ كەلگەنلىكى؛ ناھىيە، ۋىلايەت ئاتلاپ سېتىۋېتىلگەن ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن قېچىپ ئۆز ئېغىلىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، باشقا جايلارغا ئېلىپ كېتىلگەن كەپتەرنىڭ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن يەنە ئەسلىي جايىغا ئۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، چەت ئەلگە ئەچىقىپ كەتكەن كەپتەرنىڭمۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كېلەلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. ھايۋان، ئۇچار ـ قۇشلارنىڭ ئۆز ماكانىغا بولغان مۇھەببىتى شۇنچە كۈچلۈك بولغان يەردە، ئادەملەر ئۈچۈن ئۆز يۇرت مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى شەرھلەشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

# ئەلنىڭ نومۇسى — ئەرنىڭ نومۇسى

بۇ ھەربىر ۋىجدانلىق ئەركەكنى ئويغا سالىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال. ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن ئەلنىڭ، ياكى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، يۇرتداشلىرىمىز بولغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ياشاشقا ياكى بىلىپ - بىلمەي ناتوغرا يوللاردا مېڭىشى ۋىجدانلىق ئەرلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ ھەم چوڭقۇر قوزغىشى كېرەك. ئالايلۇق، بىر قىز قاراڭغۇ كوچىدا ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتقان بولسا، تۇيۇقسىز لۈكچەكلەر پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ نومۇسىغا تەگمەكچى بولۇپ خىلۋەت جايغا سۆرەپ ماڭغىلى تۇرسا، شۇ چاغدا بىچارە قىز ئاجىزلىقىدىن كىملەرگىدۇر ئىلتىجا قىلىپ «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىسا، دەل شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەر لۈكچەكلەرنىڭ پىچىقىدىن قورقۇپ ياكى «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي يولۇڭغا ماڭ»، «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق» دەپ ئۇ قىزنىڭ شۇ ھالىنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھېسابلاپ كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالسا، ئاقىۋەت بىچارە قىز لۈكچەكلەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى

قىلىنسا، ئۇنداقتا بۇ ئىشتا ھېلىقى ئەرنىڭ جاۋابكارلىقى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. چۈنكى ھېچبولمىغاندا ئاشۇ قىز ئەلنىڭ بىر ئەزاسى، ئاشۇ قىزنىڭ نومۇسى ئەلنىڭ نومۇسى ئىدى. ھېلىقى ئەر ئاشۇ قىزنى ئاچىسى، سىڭلىسى ياكى ئۆز قىزى ئورنىدا كۆرۈپ، يۈرىكى ئېچىشىپ قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسا چوقۇم قۇتقۇزۇۋالالايتتى. ئۇ بۇ قىلمىشى بىلەن يالغۇز بىر قىزنىڭ نومۇسىنى ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ نومۇسىنى قوغدىغان بولاتتى. بۇنداق مىساللارتولا. ئەلنىڭ نومۇسىنى ئاقلاش دېگەن قانداقتۇر داغدۇغىلىق ئىشلاردىلا ئەمەس، مانا مۇشۇنداق ئاددىي، كىچىك ئىشلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

# تومۇرۇڭدا ۋەتەننىڭ قېنى،
# دىمىڭدا ۋەتەننىڭ ھىدى

جۇڭگو بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز، ۋەتەن بىزنىڭ سۆيۈملۈك يار ـ مەھبۇبىمىز. ۋەتەن بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز، باشپاناھىمىز، ئىپتىخارىمىز. ۋەتەنسىز بىزگە شادلىق نەدە؟ بەخت نەدە؟ ھۆرمەت نەدە؟ ئەرك نەدە؟ شەرەپ نەدە؟

ۋەتەن بولمىغان بولسا، بىز مەۋجۇت بولمايتتۇق. بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ۋە ئەتىمىز بولمايتتى. تارىخىمىزغا نەزەر سېلىپ باقايلىچۇ، قانچىلىغان باتۇر ئەزىمەتلەر مۇشۇ ۋەتەننى دەپ قان كېچىپ جەڭ قىلىپ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلمىغان؟ قانچىلىغان ئاق كۆڭۈل، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز قان ـ تەرىنى ئاققۇزۇپ ئاشۇ گۈزەل باغۇ بوستانلارنى، دەريا ـ كۆللەرنى، راۋان يوللارنى، ئاۋات شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشمىغان؟

ۋەتەن ئۇچۇن تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت جاپا ئەمەس بەلكى راھەتتۇر. ۋەتەندىكى بىر مەزلۇمنىڭ، بىر يېتىمنىڭ ياكى بىرەر دەردمەننىڭ يىغىسى يات ئەلدە سەرگەردان بولۇپ ياشاۋاتقان كاتتا باينىڭ كۆلكىسىدىن مىڭ ھەسسە ئەلا. خۇددى

مەرھۇم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى:

مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇقتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ - ۋاپا ياخشى.

دەپ يازغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر. چۈنكى بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئاققىنى ۋەتىنىمىز قېنى، يۇرتىمىزدىن كېلىدىغىنى ۋەتىنىمىز ھىدى، بىزنىڭ ھەممە بايلىقىمىز، كۈلكىمىز، يىغىمىز، ھاياتىمىز ۋە ماماتىمىز پەقەت ۋەتەنگىلا مەنسۇپ.

# زېمىن چىرىماس، ئەل قېرىماس

بىزنىڭ، يەرشارىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ياشىشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان بۇ مۇقەددەس يەر ـ زېمىن ئەتراپىمىزدىكى باشقا نۇرغۇن جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەردەك سېسىپ ـ چىرىپ كەتمەيدۇ. تاغلار، باغلار، دەريا ـ كۆللەر، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار، زىرائەتلەر، تۈرلۈك ـ تۈمەن ھايۋان، ئۇچار ـ قۇشلار، قىسقىسى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارمۇ مۇشۇ زېمىن يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر زېمىن چىرىپ كېتىدىغان بولسا، ئالەمنىڭ ھەرىكەت قانۇنى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتەتتى.

خەلقىمىز ئاشۇ زېمىنغا ئوخشاش قېرىمايدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا خەلق، پەقەت خەلقلا مەڭگۈ دەۋران سۈرگۈچىلەردۇر. خەلق دۇنيانىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ ھەقتە شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان:

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،

مسالدۇر رۇمى ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان.
كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھاندا بىھېساپ كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۈرەر دەۋران،
ئۇمۇر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

ئەل ئىچىدىكى چاچ ـ ساقىلىغا ئاق كىرگەن ئەجدادلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن خاس ئۆرپ ـ ئادەت، ھۈنەر ـ كەسىپ، ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى، قىممەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىنى ياشلارغا ئۆگىتىدۇ ۋە مىراس قالدۇرىدۇ. ئۇلارمۇ ئەۋلادلارغا ئۆگىتىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەل ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ زاماننى قېرىتىپ ياشاۋېرىدۇ. شۇڭا ئەلنىڭ ئۆمرى بەكمۇ ئۇزۇندۇر.

# ئەل قوينى جەننەت

ئۇيغۇر خەلقىمىز ئەزەلدىن ئەل ـ جامائەتنى ھەممىدىن چارە كۆرۈپ كەلگەن. دېمىسىمۇ ئەلنىڭ ھىممىتى، غەيرىتى نى ـ نى مۇشكۇلاتلارنى يېشەلەيدۇ. ئەلنىڭ داستىخىنى ھەممىنى تويدۇرىدۇ. ئەلنىڭ ناخشىسى شۇنچىلىك مۇڭلۇق، شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچە سېھىرلىك، جانغا راھەت بېغىشلايدۇ. ئەلنىڭ رەھمەت، ھەشقاللىسى كىشىنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزىدۇ. ئەلنىڭ دۇئاسى جاننى ياشارتىدۇ. ئەلنىڭ قەھر ـ غەزىپى دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. ئەل ئارىسىدا ھېچكىم ئۆزىنى غېرىب ھېس قىلمايدۇ. بىر بوۋاق يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچسا، ئەنە شۇ ئەل ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. بىر كىم ئاغرىپ يېتىپ قالسا ئەنە شۇ ئەل ئۇنى يوقلايدۇ، ئۇنىڭ پاتراق ساقىيىشىنى تىلەيدۇ.

يىقىلغاننى يۆلەيدىغانمۇ ئەل، مەردۇ مەردانىلەرنى قوللايدىغانمۇ ئەل، غېرىب ـ بىچارىلەرنى يۆلەيدىغانمۇ ئەل، ھەممىنىڭ بەختىنى ئويلايدىغانمۇ ئەل. يىراقنى كۆرىدىغانمۇ ئەل، بىر كىمگە ئەجەل يېتىپ بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمسا، ئۇنى يۇيۇپ كېپەنلەپ قارا يەرگە كۆمىدىغانمۇ ئەل. شۇنداق ئىكەن

ئەلنىڭ كۆچ ـ قۇدرىتىگە نېمە تەڭ كەلسۇن؟ ئەل قايسىبىر ئىشقا قادىر بولالمىسۇن؟ ئەلنىڭ قوينى بۇ دۇنيادىكى جەننەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ئەل ـ جامائەتتىن ئايرىلىپ تاغ ئارىسىدا، سازلىق، جاڭگاللاردا ماكان تۇتقان ئادەم گەرچە ھەرقانچە باي بولسىمۇ يەنىلا غېرىبلىقتىن، موھتاجلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئادەم پەقەت ئادەم بىلەنلا ئادەم، بىز ھەربىرىمىز پەقەت ئەل ئارىسىدىلا ئادەم سىياقىدا ياشىيالايمىز، ئۆزىمىزنى ھەر جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرالايمىز. بىزگە تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە ھەر قاچان ۋە ھەر يەردە ئاشۇ قەدىردان ئەلنىڭ ياردىمى كېرەك.

## مۇساپىردەك غېرىب بولماس،
## يۇرتنى يەردە تېرىپ بولماس

يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولغان كىشىلەرنىڭ غېمى بەكمۇ كۆپ بولىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر بۇردا نانغا زار بولىدۇ، كۈنلەپ، ئايلاپ ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. چىقىش يولىنى تاپالماي كىملەرگىدۇر يالۋۇرىدۇ، كىملەرگىدۇر خار بولىدۇ. ئامالسىزلىقتىن ئۆزى خالىمىغان، ۋىجدانى كۆتۈرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆزى خالىمىغان يوللاردا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ زار ـ زار يىغلايدۇ. ئەنە شۇنداق مۇساپىر بولغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىن مۇنداق مۇڭلۇق ناخشىلار پارتلاپ چىققان:

لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار.

ئاتاسى بارمۇ توشقاننىڭ،
ئاناسى بارمۇ توشقاننىڭ؟
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار،
بىزدەك بەختى قاچقاننىڭ.

تارىخىمىزدا يات ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە ئامال تاپالماي، ئۆلۈكى يات يۇرتلاردا قېلىپ ئىزى ئۆچكەن كىشىلەر ئازمۇ؟ ھېلىمۇ يات ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ خارلىنىپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايۋاتقان كىشىلىرىمىز سان ـ ساناقسىز. بۇ ماقال ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئىخچام بايان قىلغان.

# ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا،
# ياقا يۇرت — ئۆگەي ئانا

ئۆز يۇرت بىز ئۇچۇن خۇددى ئۆز ئانىمىزدەك سۆيۈملۈكتۇر. ئۆز يۇرتتا كىشى ھەرقانچە جاپا تارتىپ نامرات تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ھېچبولمىغاندا غېرىبسىنمايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەر، ئەھلى جامائەت بىلەن پات - پات دىدارلىشىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇچۇن خاتىرجەم، كۆڭلى توق ياشايدۇ. زېرىككەندە، ئىچى پۇشقاندا سىرداش تېپىلىدۇ. دەرد تارتقاندا دەردكە دەرمان بولغىدەك مۇڭداش تېپىلىدۇ. بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلار چىقىدۇ. نى - نى مۈشكۈلاتلارنى ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر ياكى ئەھلى جامائەتنىڭ «ھە - ھۇ» سى بىلەن ئاسانلا يەڭگىلى، غەمدىن خالاس بولغىلى بولىدۇ. ياقا يۇرتتىچۇ؟ ياقا يۇرتتا سەن كۈلۈپ يۈرگەندەك قىلساڭمۇ، چىرايىڭدىن مۇڭ - ھەسرەت، غەم - ئەندىشە تۆكۈلۈپ تۇرغىنى تۇرغان. خۇشال بولساڭ خۇشلۇقۇڭغا شېرىك بولۇپ تەڭ كۈلۈشۈپ بېرىدىغان، قايغۇرساڭ قايغۇڭغا ئورتاق بولۇپ ساڭا تەسەللى بېرىپ ھالىڭغا يېتىدىغان كىشىلەر چىقمايدۇ. چىققان

ھالەتتىمۇ ئۆز يۇرتۇڭدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭدەك جان پىدالىق قىلالمايدۇ. ياقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى، ئۆيلىرى، كوچا ـ كويلىرى، ھەتتا تۇپرىقى، ھاۋاسى، تاغۇتاش، دەل ـ دەرەخلىرىگىچە ھامان يات. كىشىگە خۇددى باغرى تاش ئۆگەي ئانىنىڭ مېھرىدەك سوغۇق ۋە شەپقەتسىز تۇيۇلىدۇ. شەپقەتسىز، زالىم ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان سەبىي بالا ئۆزىنى قانچىلىك بىچارە ھېس قىلىدىغان بولسا، ياقا يۇرتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق غېرىب، بىچارە ھېس قىلىدۇ. بۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىلەرلا ئەڭ ياخشى چۈشىنىشى مۇمكىن.

## يۈرتىغا پاتمىغان جاھانغا پاتماس

كىشى مەيلى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلسۇن ياكى كېچە ـ كۈندۈز خەقنى قاقشىتىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ئاجىز بىچارىلەرنى قان ـ قان يىغلىتىپ ياشىسۇن، ئاخىرقى ھېساپتا پەقەت ئۆزىگىلا قىلىدۇ. سىز ئەينەككە قارىسىڭىز، كۆرىدىغىنىڭىز ئۆز چىرايىڭىز، ھەرگىزمۇ باشقىلار ئەمەس. سىزگە نىسبەتەن يۇرتىڭىز ۋە خەلقىڭىز بەئەينى ئەينەككە ئوخشاش. سىزگە ياخشى ياكى يامان باھانى خەلق بېرىدۇ. خەلققە ياخشىلىق قىلغان بولسىڭىز، يۇرتتا ئىناۋىتىڭىز بولىدۇ. ھەممە ئادەم سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ. كۆڭلىڭىز توق، خاتىرجەم ياشايسىز. ئەكسىچە خەقنى قاقشاتقان بولسىڭىز، ھەممە ئادەم سىزگە ئۆچ بولىدۇ. ئاخىر يۇرتتا تۇرالماي باشقا يۇرتقا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىسىز. ھالبۇكى يۇرتقا پاتمىغان سىزدەك ئەسكى ئادەم باشقا يۇرتقىمۇ سىغمايدۇ. ئەلنىڭ دۈشمىنى بولغان ئادەم نەگىلا بارسا دۈشمەنلىك بولىدۇ. بۇ ئالەم قارىماققا شۇنچە كەڭرىدەك قىلغان بىلەن، ئەلنىڭ دۈشمىنى بولغان، ئەل ئارىسىغا ئالمىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ ئالەم گۆردەك تار ۋە قاراڭغۇ

تۇيۇلىدۇ. تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەتچى ـ قاتىلنىڭ ھالىغا نەزەر سېلىپ بېقىڭچۇ، شۇ چاغدا بۇ ماقالىنىڭ مەنىسىگە تولۇق يېتىسىز. ئەلنىڭ دۈشمىنى بولغان ئادەم يۇرتىدىن قېچىپ دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىگە بارسىمۇ ھامان بىر كۈنى بايقىلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەم دېگەن مەڭگۈ تەنھا ياشىيالمايدۇ، ھەم ئادەمنىڭ ماڭغان ـ تۇرغان يېرىدە ئىزى قالىدۇ. بۇ ئىزنى ھەممىلا يەردە ئۆچۈرۈپ بولالمايدۇ. شۇڭا ئاگاھ بولۇڭكى، ھاياتىڭىزدا ھەرگىزمۇ ئەلنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالماڭ.

# يىگىت ئۆزى ئۆچۈن تۇغۇلۇپ،
# ئەل ئۈچۈن ئۆلەر

تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئاجايىپ بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. ھەممىمىز ھەم مۇشۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنىمىز. ھايات دېگەن ساناقلىقلا يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

بىز ئەتراپىمىزدا ھاراق ئىچىپ ئۆلۈۋاتقان، زەھەر چېكىپ ئۆلۈۋاتقان، مۇشتلىشىپ تاياقتا ئۆلۈۋاتقان، پىچاق يەپ ئۆلۈۋاتقان، ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈۋاتقان … بوغۇلۇپ ئۆلۈۋېلىۋاتقان، دورا يەپ ئۆلۈۋېلىۋاتقان، ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىۋاتقان، ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋېلىۋاتقان … قىسقىسى ياپياش تۇرۇپلا ئەنە شۇنداق ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن توققۇز ئەزايى ساق - بېجىرىم ئەرلەرنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆلۈشى ۋە قارا يەرگە كۆمۈلۈشى خۇددى يەرگە بىر تال چامغۇرنى كۆمگەندەكلا قەدىرسىز بولۇپ كەلمەكتە. يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە تارىخىمىزدا ئۆتكەن سادىر پالۋان قاتارلىق بىر مۇنچە مەردۇ مەردانە ئەرلىرىمىزنىڭ نامى ھەمىشە تىللاردا داستان بولۇپ

كەلمەكتە. نېمىشقا بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئوخشاش بولمايدۇ؟ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، چىن ئەر دېگەن ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ، ئەل ئۈچۈن ئۆلىدۇ. ئۇنداق ئەرلەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئەلنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى

ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ئۆيى ياخشى، چۈنكى سەن ئۆز ئۆيۈڭدە ئۈنلۈك سۆزلىيەلەيسەن، گۈس ـ گۈس دەسسەپ ماڭالايسەن، خالىغانچە تائام يېيەلەيسەن، خالىغانچە كۈلەلەيسەن، ئائىلىكىملەرنىڭ باشقۇرۇشىغا، چەكلىشىگە، تىل ـ ھاقارىتىگە ئۇچرىمايسەن، قىسقىسى ئۆز ئۆيۈڭدە ئۆزۈڭنى خان ـ پادىشاھلاردەك مەغرۇر ھېس قىلالايسەن. مانا بۇ بىر ئادەم ئۈچۈن چوڭ راھەتتۇر.

بۇرۇن بىر باي بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا يىل بويى دېھقانچىلىقىغا ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان بىر كەمبەغەل كىشى بار ئىكەن. باي ئۇ كىشىنى ھەرگىز ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرمەي ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىكەن. ئۆزى نېمە يېسە كەمبەغەلگىمۇ شۇنى بېرىدىكەن، لېكىن باي ھەرقانچە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، كەمبەغەل كىشى بىر ئېغىز ئۇشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمايدىكەن. بەزى كۈنلىرى ئېغىر ئەمگەك قىلىپ كەچ بولۇپ كەتسە، باي قونۇپ قېلىشقا زورلىسىمۇ كەمبەغەل كىشى ئۇنىماي ئۆز ئۆيىگە كېتىدىكەن، باي بىر كۈنى بۇنىڭ

سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ كەمبەغەلنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، كەمبەغەلنىڭ ئۆيى بولسا بىر توقايلىقتىكى ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كونا ئۆي ئىكەن. باي تۇيدۇرماي ئەگىشىپ كېلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىسا، كەمبەغەل ئۆيگە كىرىپلا چاپىنىنى سېلىپ چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ تازا ئاۋازلىق ئوسۇرۇۋېتىپ ۋە خۇددى باينى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ: «شۈكرى، ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى. ئۆيۈم، باينىڭكىگە يەتمىسىمۇ ماڭا يەنىلا ئۆز ئۆيۈم ياخشى» دەپتۇ. باي شۇ چاغدىلا كەمبەغەلنىڭ نېمىشقا ئۆيىگە مۇنچە ئامراقلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ. «ئۇنىڭ دېگىنى راست، مىڭ قىلسامۇ ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆزىنى بۇنداق ئەركىن ھېس قىلالمايدىكەن ئەمەسمۇ» دېگەن خىيالنى قىلغىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قاپتۇ.

# ئەمەلدىن كەچ، ئەلدىن كەچمە

ھوقۇق ـ مەنسەپنى ئەسلىي خەلق بېرىدۇ. مەنسەپ تۇتقانلار ئۇچۇن ئەڭ شەرەپلىك ئىش ــ خەلققە خىزمەت قىلىشتۇر. مەنسەپ تۇتقانلار خەلق ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلالىغان بولسا، مەنسىپىدىن ئايرىلسا خەلقنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىدۇ. ئەكسىچە مەنسەپنى پۇل تېپىشنىڭ، راھەت ـ پاراغەت سۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالغانلارغا خەلق لەنەت ياغدۇرىدۇ. ئۇلار مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، خەلقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مەنسەپ ئىگىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئېغىر ئىش بولماس. خۇددى مەرھۇم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئېيتقاندەك:

ئامەتنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن، بەس،
مەنسەپمۇ ھېچكىمنىڭ مىراسى ئەمەس.
بىراۋنىڭ كىيدۈرۈپ قويغان تونى ئۇ،
سالدۇرۇپ ئالمىقى ھېچ ئەمەس تەس.

مەنسەپنى بېرىدىغانمۇ، تارتىپ ئالىدىغانمۇ يەنىلا خەلق.

ئەمەل ـ مەنسەپنى ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان ئادىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ياخشى نامى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان. مەسىلەن: قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن نۇشىرۋان ئادىل، ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىد، ئوغلى مەئمۇن؛ غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋي؛ يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى سۇلتان سەئىدخان، ئوغلى ئابدۇرەشىدخان قاتارلىقلارغا ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەل ـ مەنسىپىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقشاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ لەنەتلىك نامىمۇ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان. مەسىلەن: ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىدىن ھەججاج زالىم، يەركەن سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى موغۇلىستاندا ھاكىمىيەت تۇتقان مىرزا ئابابەكرى قاتارلىقلار. ھوقۇق دېگەن ھېچكىمگە باقىۋەندە ئەمەس، ھوقۇقسىز ياشاش مۇمكىن، لېكىن ئەلدىن ئايرىلىپ ياشاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!

# ئەلنىڭ قوللىقى ئەللىك

بىر ئادەمگە قارىغاندا ئىككى ئادەمنىڭ ئاڭلىغىنى، كۆرگىنى ۋە بىلىدىغىنى كۆپ بولىدۇ. ئىككى ئادەمگە قارىغاندا ئۈچ ئادەمنىڭ، ئۈچ ئادەمگە قارىغاندا ئون ئادەمنىڭ ئاڭلىغىنى، كۆرگىنى ۋە بىلىدىغىنى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. دېمەك بىزنىڭ نۇرغۇن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىمىزنى خەلق هامان بىلىپ تۇرىدۇ. هېچكىم ئاڭلىمىدى، كۆرمىدى، هېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغان نۇرغۇن مەخپىي ئىشلىرىمىزنى بىرسى بىلمىسە يەنە بىرسى ئاڭلايدۇ، بىلىدۇ. كۆپ دېگەن مىڭ قىلسىمۇ كۆپ. ئەلنىڭ نەزىرىدىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇش قىيىن.

بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتىمىزدا بىر دېهقاننى بىرسى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ساقچىلار قاتىلنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. هېلىگەر قاتىل نەق مەيداندا قىلچە ئىز قالدۇرمىغان ئىكەن. شۇڭا جىنايەتچى بىر مەهەل قانۇننىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولدى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندە، هېلىقى قاتىل ئىچكىرى ئۆلكىدىكى بىر شەهەردە چۆپقەتلىرى بىلەن بىللە هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ

مەست بولغاندا گەپتىن گەپ چىقىپ: «مەن دېگەن كىم؟ ئادەم ئۆلتۈرۈش مەن ئۈچۈن قوچقاچنى بوغۇزلىغانچىلىكلا بىر ئىش. قېنى قايسىڭلار مەندەك ئادەم ئۆلتۈرۈپ باققان؟...» دەپ ئۆز جىنايىتىنى ئۆزى ئاشكارىلاپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «بۇ ئىش ئەمدى ئۇنتۇلدى. بۇ يەر يۇرتۇم بولمىغاندىكىن بۇ گەپكە كىم قۇلاق سالاتتى» دەپ ئويلىغان ئىكەن. بۇ گەپ ئەتىسىلا يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىدىن تۇتۇپ ئەكەلدى. ئۇ ئاخىر قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە، ئەلنىڭ بالىسى بول

كىشى دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆمۈر بويى ئەل - يۇرتنىڭ غېمىدىلا يۈرىدۇ. ئۆزىنى ھەمىشە ئەل - يۇرتقا قەرزدار دەپ ئويلايدۇ. ئەل - يۇرت ئۈچۈن تارتقان جاپا - مۇشەققەتنى راھەت دەپ بىلىدۇ. قىلغانلىرىغا مىننەت قىلمايدۇ. ئالىلىكىملەرنىڭ ماختاپ - مەدھىيەلىشىنىمۇ تاما قىلمايدۇ. قۇرۇق نام - ئاتاققا تېخىمۇ خۇشتار بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھاياتىدىمۇ ئۆز خەلقىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خەلقىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

دىيارىمىزدا ئۆتكەن مەرھۇم شائىر، يازغۇچى ۋە ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھاياتى ۋە ۋاپاتى ئەل - يۇرت ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ياشىغان كىشىلەرگە ئەڭ ياخشى مىسال. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ خەلقىمىزگە كۆپ خىزمەت قىلىپ بەرگەن كاتتا ئادەم. 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تاۋۇتى ئۈرۈمچىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىدىن قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلغاندا نەچچە مىڭلىغان ئادەم بۇ تاۋۇتنىڭ

كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان، پۈتكۈل يەنئەن يولىدا قاتناش توختىغان. بۇ كوچا خۇددى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. شۇ قېتىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نامىزىغا قاتناشقان نۇرغۇن مويسىپىتلەر بىر مېيىتنىڭ نامىزىغا بۇنچە كۆپ ئادەم قاتناشقان ئىش ئۈرۈمچى تارىخىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخىدا بىرەر يۈز يىل مابەينىدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكۈر ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كۆيۈپ يانغانىدى. خەلقىمىزمۇ ئۆتكۈر ئەپەندىگە قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەردى. ئۆتكۈر ئەپەندى ھەربىر ئۇيغۇر ئوغلىغا مەڭگۈ ئۆرنەكتۇر.

# دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما، ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق

ئادەم ئۈچۈن ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق، ئەلنىڭ قوينى شۇنچە كەڭ، ھىممىتى شۇنچە كۆپ، لېكىن ئەلنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان كىشىلەر ئۈچۈن لەنەت ـ نەپرىتىمۇ يەنە شۇنچە كۆپ، شۇنچە كۈچلۈك، ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئادەمگە بۇ دۇنيا تار كېلىدۇ.

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن: بىر چاغلاردا شەھەردىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاۋۇت تاجى ئىسىملىك بىر كىشى مەھەللىمىزگە نوپۇسقا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئون بالىسى بار ئىكەن. بالىلىرى كۆپ ھەم كىچىك بولغاچقا ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىكەن. قولۇم ـ قوشنىلار دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ جىق ياردەم قىلىپتۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۆز كۆڭلىدە «مەن شەھەرلىك» دەپ، ھەدېسىلا يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ بىر قانچە قېتىم قوشنىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. مەھەللىدىكىلەرنى پەقەت كۆزگە ئىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بارا ـ بارا

مەھەللىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم ئۇ كىشى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپ، شەھەردىن چىققان ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى يورۇق ـ ئازادە مېھمانخانىسىغا باشلاپ ئالاھىدە مېھمان قىلىپتۇ. مەھەللىدىكىلەرنى بولسا ئۆز نەزىرىدە ياراتمىغانلىقى ئۈچۈن شەھەردىن چىققانلارغا قوشماي ھويلىدىكى داق يەرگىلا باشلاپ ئاددىي داستىخان سېلىپتۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق رەنجىگەن جامائەت غەزەپلىنىپ شۇ يەردىلا: «ئاۋۇت بۇ مەھەللىدىن يوقالسۇن» دەپ چۇقان سېلىپ، تاماقنىمۇ يېمەي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئاۋۇت تاجى شۇندىن كېيىن مەھەللىدە نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەي ئاخىر يەنە شەھەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

# بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ ياخشى

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق بىر مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش ئادىتى، ياشايدىغان چەكلىك ماكانى بولىدۇ. بۇلبۇلغا نىسبەتەن گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ تۇرغان خۇش ھاۋالىق باغ ياخشى. ئۇ باغدىلا ئەركىن ياشىيالايدۇ، خەندان ئۇرۇپ سايرىيالايدۇ. باغ، باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بۇلبۇلغا چەكسىز ئىلھام، شادلىق، ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ناۋادا باغدىن ئايرىلىپ، قەپەزگە سولانسا ياكى چۆل ـ باياۋان، سازلىقلارغا بېرىپ قالسا، ئۇنداق سايرىيالمايدۇ. ئۇنداق ماكان بۇلبۇلغا ئىلھام ئاتا قىلالمايدۇ. ئۇ يەردە بۇلبۇلنى سۆيۈندۈرىدىغان گۈل ـ چېچەكلەر، خۇش ھاۋا، گۈزەل مەنزىرىلەر يوق. كەكلىككىمۇ تاغ ئەڭ ياخشى ماكان. كەكلىك ياقتۇرىدىغان يېمەكلىكلەر، ساپ ھاۋا، ياخشى شارائىتنىڭ ھەممىسى تاغدا بار.

ئەمما كەكلىككە ماس كېلىدىغان بۇنداق ئەۋزەل شارائىت بۇلبۇل ياقتۇرىدىغان باغدا يوق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە ئادەمگە ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى ياخشى. ھەممە ئادەم ھەقىقىي خۇشلۇقنى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى، ئىنسانىي

قىممىتىنى ئۆز ۋەتىنىدە ــ ئۆز يۇرتىدا تاپالايدۇ. ئۆز يۇرت ـ ۋەتىنىدىلا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشالايدۇ. يۇرت ئىچىدىمۇ يەنە ھەممە ئادەمگە ئۆز كەسىپ ـ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدىغان شارائىتى بار جاي ياخشى. مەسىلەن: دېھقانغا ئاسمىنى كەڭ سەھرا، چارۋىچىغا بىپايان يايلاق ياخشى. ئاشپەز، ناۋاي، زەرگەر، ساتىراش، موزدۇز قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرگە ئاۋات شەھەر ـ بازار ياخشى. ئۇلار شەھەر ـ بازارلاردىلا ھۈنىرىنى ئاقتۇرالايدۇ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپالايدۇ.

# يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل - يۇرت

ئاتا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ (ياكى ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆلۈپ كېتىپ بىرى هايات قېلىپ) بالىلىرى يېتىم قالغان بولسا، بۇ يېتىم بالىلارغا تولا چاغلاردا ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن كۆرە شۇ يەردىكى ئەل - جامائەت بەكرەك باشپاناه بولىدىغان، ئەل - جامائەتنىڭ ئىچىدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مېهىر - شەپقىتى بىلەن يېتىملىكنىڭ غەم - ئەندىشىسىدىن قۇتۇلىدىغان ئەهۋال بىزدە كۆپ. نۇرغۇن كىشىلەر يېتىمغا مىراس قالغان مال - دۇنيانى كۆزلەپ يېتىمغا زۇلۇم سالىدۇ، يېتىم بالىلارنى پەس كۆرىدۇ ياكى هىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ مال - دۇنياسىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئۇلار يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناه ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلۇغلار مۇنداق دېگەن: «يەتتە خىل هالاكەتلىك گۇناهنىڭ بىرى يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىشتۇر». يېتىملەر ئەسلى پاناهلىنىش هوقۇقى بولغان ئۆيدىن قوغلانغاندىن كېيىن يۇرت جامائىتى ئىچىدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موهتاج بولىدۇ. ئەلنىڭ قوينى كەڭ، ياخشى ئادەملەر يەنىلا

كۆپ بولغانلىقتىن بۇنداق يېتىملەرگە شەپقەت كۆرسىتىدىغان ئادەملەر ھەر يەردە چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان بىر يېتىمنىڭ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىنى كۆرۈپمۇ قىلچە نومۇس ھېس قىلماي، قولىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ بەخىرامان ياشايدىغان ئاشۇنداق نومۇسسىز كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ھالىغا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يىغقان مال ـ دۇنياسىنىڭ توزغاقتەك توزۇپ، ئىتتىن بەتتەر خارلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز. شۇڭا كونىلار: «يېتىمنىڭ ھەققى ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ» دەيدۇ. ئەل پاناھىغا ئالغان يېتىم بولسا كېيىن ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ.

# دىتسىز مىنگىلى ئۇلاغ تاپالماس، ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن روناق تاپالماس

تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ كېتىۋاتقان، ئائىلە ۋە تۇرمۇش بېسىمى يەلكىمىزنى تاغدەك بېسىپ تۇرغان، ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ھەممە ئادەم تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ئەقىل - پاراسەتتىن جايىدا پايدىلىنىش بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، ئەتراپىمىزدىكى خېلى بىر قىسىم كىشىلەر دىتسىزلىقىدىن ئۆزىگە جاپانى سېتىۋېلىپ، خارلىقتىن، موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەمىشە ئاللىكىملەردىن، تەقدىردىن زارلاپ - قاقشاپلا يۈرۈيدۇ. لېكىن بۇنى ئۆزىنىڭ دىتسىزلىقىدىن، ئەقلىنى توغرا ئىشلىتەلمىگەنلىكىدىن كۆرمەيدۇ. شۇنداق كىشىلەرگە بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز شۇكى، سىزنىڭ ئەقلىڭىز بۇ دۇنيادا تايىنىدىغان ئەڭ چوڭ قورالىڭىز، ئەڭ ياخشى ھەمراھىڭىز، بىردىنبىر يولباشچىڭىز ۋە ئىشەنچلىك دوستۇڭىز، بارلىق ئىشىڭىزدا ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىپ ياشا. شۇ چاغدا ئادەملىك قەدىر - قىممىتىڭىزنى تاپالايسەن. يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار شۇنچە تىرىشىپ - تىرماشسىمۇ يەنە

ئىلگىرى باسمايدۇ، قىلغان ئىشىدا بەرىكەت بولمايدۇ. بىرنى ئىككى قىلالماي، غورىبەتچىلىكتىن قۇتۇلالماي ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىدۇ. ھەتتا يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپ باشقا شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىش ـ ئوقەت قىلىپ باقسىمۇ قىلغانلا ئىشى چەك باسمايدۇ. ئاخىر سورۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. بۇ قانداق ئادەملەر دېسىڭىز، ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان ياكى قىلغان ئەسكى ئىشلىرى سەۋەبىدىن ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن ئادەملەردۇر. ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن بۇنداق ئادەملەرنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئۇنداق ئادەم مەيلى قەيەرگە بارسۇن، خار بولۇپ ئۆتكىنى ئۆتكەن.

# بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما

ئىنسان ئۈچۈن ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش يوق. ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ - كىچىك، ئاز - كۆپ دەپ چەك قويۇلمايدۇ. بىز كىچىك دەپ سانايدىغان ئاددىي ئىشلار ئارقىلىقمۇ ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. ئالايلى، سىزنىڭ مەھەللىڭىزگە باشقا يەردىن بىر ئادەم كېلىپ، سىزدىن بىراۋنىڭ ئۆيىنى سورىسا، سىز «ئۇقمايمەن» دېمەستىن كۆرسىتىپ قويۇشىڭىز، بولسا سومكا، چامدان دېگەندەك ئېغىر نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىشىپ بېرىشىڭىزمۇ ئەل ئۈچۈن خىزمەت. دائىملىق ماڭىدىغان يولدىكى بىر كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، مەيلى سىز ئۇ يولدا مېڭىڭ ياكى ماڭماڭ، خالىس ياساپ قويۇشىڭىزمۇ ئەل ئۈچۈن خىزمەت. بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەن بولسا دەرھال بېرىپ شۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ياردەملىشىشىڭىزمۇ ئەل ئۈچۈن خىزمەت. دوختۇر بولسىڭىز كەمبەغەل، غېرىب - بىچارىلەرنى، ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنى خالىس داۋالاپ قويۇشىڭىزمۇ ئەل ئۈچۈن

خىزمەت. زەھەرلىك چېكىملىككە، قىمارغا ۋە زىناغا بېرىلگەن، قىسقىسى ئەنە شۇنداق پۇتۇنلەي ناتوغرا يوللاردا مېڭىۋاتقان ئازغۇن كىشىلەرگە چىرايلىق پەند - نەسىھەت قىلىپ ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولدىن قايتۇرۇپ توغرا يولغا باشلاپ قويۇشمۇ ئەل ئۈچۈن خىزمەت. ئەل ئۈچۈن كىتاب يېزىش، پايدىلىق ئىشلارغا خالىس پۇل - مال ئىئانە قىلىشمۇ ئەل ئۈچۈن خىزمەت. مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى ھەممىلا ئادەم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا بىلگىنىچە قىلالايدۇ. پەقەت شۇنى قىلىشقا نىيەت، جۈرئەت ۋە ئىرادە بولسىلا، ئەل ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەت ھېچقاچان ۋە ھېچيەردە زايە كەتمەيدۇ.

# ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس

ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەتتە باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئالدى بىلەن يەنىلا ئۆزىمىزدۇر. يەنى بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان نۇقسان ـ ئىللەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدۇر. نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، خىيانەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، ھورۇنلۇق، بىلىمسىزلىك، تەييارتاپلىق، كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، ھاراقكەشلىك، زىناخورلۇق، جازانىخورلۇق، چېقىمچىلىق قاتارلىق بىر قاتار ئىللەتلەر بىزنىڭ خەلقىمىز روھىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مانا مۇشۇنداق ئىللەتلەرنى ھەممىدىن بۇرۇن تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ ئىللەتلەرنى تۈزەتمەي تۇرۇپ گۈزەل كېلەچىكىمىزدىن، قەد كۆتۈرۈپ دۇنياغا تونۇلۇشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ھەقتە چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

جاھان سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۈپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە ساپا باردۇر...
ئۇمۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.
ئەل - يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.

مانا، ئەزىمەت شائىرىمىزنىڭ بىزنىڭ نۇقسان - ئىللەتلىرىمىزنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ بەرگىنىگىمۇ يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. ئەمما بىز تېخى بۇنداق ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىدۇق. يەنىلا باشقىلاردىن جىق ئىشلاردا كېيىن قېلىۋاتىمىز. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزىدىغانمۇ، ھالاك قىلىدىغانمۇ يەنىلا ئۆزىمىز.

## سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق،
## ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى (يوق)

زېمىن يۈزىدىكى ھەممە يۇرتنىڭ، ھەممە جاينىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەۋزەللىكى بولىدۇ. بەزى جايلارنىڭ سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولىدۇ. بەزى جايلارنىڭ سۈيى كەمچىل، قۇرغاق بولىدۇ. بەزى جايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ. بەزى يۇرتلارنى قاتمۇقات تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. يەنە بەزى يۇرتلاردا تاغنى كۆرگىلى بولمايدۇ. سىز تۇغۇلغان يۇرتىڭىزدىن ئايرىلىپ ئۆزىڭىز داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان باشقا يۇرت - شەھەرلەرگە، ياكى چەت ئەللەردىكى ئاۋات شەھەرلەرگە بارسىڭىزمۇ ئۆز يۇرتىڭىزدىن ئەۋزەل تۇرىدىغان يەرلەرنىمۇ، ئۆز يۇرتىڭىزغا يەتمەيدىغان تەرەپلەرنىمۇ بايقايسىز. ھەرقانداق يۇرت خەلقى شۇ يۇرتنىڭ ئەمەلىي شەرت - شارائىتىغا ماسلاشقان ھالدا ھايات كەچۈرىدۇ. ئۆز يۇرتىنىڭ شارائىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ئالايلۇق، دىيارىمىزغا نىسبەتەن ئاتۇشنىڭ يەر كۆلىمى كىچىك، تۇپرىقى ناچار، قەشقەر، كورلا، ئاقسۇ، ئىلى، تۇرپانلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئادەمنىڭ نوقۇل دېھقانچىلىق

بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. شۇڭا ئاتۇش خەلقى ئىچىدە باشقا يۇرتتىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھۈنەر - كەسىپ ئەھلى ۋە سودىگەر - تىجارەتچىلەر كۆپ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ۋە چەت ئەللەردىمۇ ئاتۇشتىن چىققان ئۇيغۇر سودىگەرلەر مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ.

سىز مەيلى قەيەردە ياشىماڭ، ئەقلىڭىزنى جايىدا ئىشلەتسىڭىزلا شۇ يەرگە ماسلىشىپ يول تېپىپ كېتەلەيسىز. سىزنىڭ تۇرغان يۇرت - ماكانىڭىزدىن ئاغرىنىشقا ھەققىڭىز يوق، ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە ئۆزىڭىزنىڭ دىتسىزلىقىدىن ئاغرىنىڭ.

# جايى يوقنىڭ جېنى يوق

ياشاش ئۈچۈن ھەممىمىزگە يۇرت ـ ماكان ۋە شۇ ماكاندا يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆي ـ تۇرالغۇ بولۇشى كېرەك. ئادەم تۇرماق قارلىغاچنىڭمۇ چاڭگىسى، چۈمۈلىنىڭمۇ يەر تېگىدە ئۇۋىسى، ئىتنىڭمۇ كەپىسى بولىدۇ. ھايۋانلاردىن ئەزىز ھەم ئۇستۇن تۇرىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئۆي ـ جاينىڭ بولۇشى بەك مۇھىم. ئۆز ماكانىدا، ئۆز ئۆيىدە كىشى خانىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيدۇ. گەرچە كونا بولسىمۇ، كىچىك بولسىمۇ ھەر كىمگە ئۆز ئۆيى ياخشى. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كىشى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك ئەركىن، خۇشال ـ خۇرام تۇرالمايدۇ. تۇرغان ھالەتتىمۇ بىر كۈن مېھمان بولار، ئىككى كۈن مېھمان بولار، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا «خامانغا» ئايلىنىپ، ئەتىۋارى بولمايدۇ.

دىيارىمىزدا ئۆيى ـ جايىنى سېتىۋېتىپ، كېيىن ھەر يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر ئاز ئەمەس. مەھەللىمىزدە خېلى ئوبدانلا ئۆي ـ جايغا ئىگە بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسىدىن زېرىكىپ، ئۆيىنى سېتىۋېتىپ شۇ پۇل بىلەن چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر:

«هەر كىمگە ئۆز يۇرتى ياخشى، ئەگەر شەھەردە ياشاش ئويۇڭ بولسا، ئالدى بىلەن شۇ شەھەرگە بېرىپ ئۆزۈڭنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بىرەر ئىش ـ ئوقەت قىلىشقا كۆزۈڭ يەتسە، ئاندىن ساتساڭمۇ كېچىكمەيسەن» دەپ مەسلىھەت بەردى. ئەمما ئۇ كىشى بۇ مەسلىھەتكە كۆنمەي ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ يۇرتتىن كۆچۈپ كەتتى. ئاڭلىسام، كېيىن ئۇرۇمچىگە بېرىپ دەسلەپكى سودىسىدىلا قويمىچىغا ئۇچراپ بار پۇلىدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ يەردە بىر ئائىلە كىشىلىرى مۇساپىر بولۇپ ياشاۋېتىپتۇ. جامائەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاچقا، نومۇس قىلىپ يۇرتىغىمۇ قايتىپ كېلەلمىدى.

# ئۆز يۇرتۇڭدا خارلانغىچە،
# كىشىنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر بول

ئادەم ئۇچۇن خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى بەك مۇھىم. بەزىدە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى كىشى ئۆز يۇرتىدا ياشاپ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدىغان، قىلغانلىكى ئىشى چەك باسمايدىغان، دۈشمەنلىك بولۇپ قېلىپ ئۆز يۇرتى ئۆزىگە جازا لاگېرىدەك تۇيۇلىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىر مەزگىل يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ باشقا يۇرتلاردا تىرىكچىلىك قىلىپ بېقىشمۇ يەنە بىر چىقىش يولى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانداقتۇر ئۆز يۇرتىدىن تانغانلىق ھەم يۇرتنى سۆيۈش توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلەرنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس.

ئادەم دۈشمەنلىك بولۇپ قالغاندا، يەنە كېلىپ دۈشمەن كۆپ ۋە ئۆزىدىن ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپ قالغاندا، شۇ دۈشمەنلەردىن بىر كۈن بولسىمۇ يىراق تۇرۇش كۆڭۈلگە شادلىق، ئازادىلىك بەخش ئېتىدۇ. پارس شائىرى شەيخ سەئىدىنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك شېئىرى بار:

كۆرمەسلىك ئۈچۈن ياۋۇنى كۆزۈك،
ئەرزىيدۇ ئايرىلساڭ مىڭ دوستتىن ئۆزۈك.

ئۆز يۇرتىڭىزدا خارلىنىپ، كۆڭلىڭىز ئازار يېگەن بولسا، باشقا يۇرتتا بىر مەزگىل ياشاپ باقسىڭىز، بەلكىم غەمدىن خالاس بولۇپ، ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرەلىشىڭىز مۇمكىن.

مۇساپىرلىق يامان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز يۇرتىڭىزدىكى خورلۇق، ئازابتىن سەل ياخشىراق. يات كىشىلەرنىڭ جاپاسىمۇ يەنە ئۆز يۇرتىڭىزدىكىلەرنىڭ جاپاسىغا قارىغاندا يېنىك توختايدۇ، ياخشى كىشىلەر ھەممە يەردە بولغاچقا ئۇ يەردىمۇ سىزنىڭ ھالىڭىزغا يېتىدىغان، ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر چىقىشى مۇمكىن.

# ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
# ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا يوق

ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇپ ياشاش ئەل ـ جامائەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەل ئارىسىدا ئىناقلىق يوقالسا، شۇ ئەلدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بەخت يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇنداق ئەل ئاخىرى خارلىقتا قالىدۇ.

«بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» ناملىق چۆچەك ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ زىيىنى توغرىسىدا بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ:

قويچى، قاسساپ، ئاشپەز، ناۋاينىڭ بىردىن ئىتى بولغان ئىكەن. بىر كۈنى بۇ تۆت ئىت يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئايرىلماسلىققا دوست بولۇشۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار بىللە ساياھەت قىلىشىپ كېتىۋېتىپ قېلىن بىر جاڭگاللىققا يولۇقۇپتۇ. ئۇلار بۇ جاڭگاللىقتا بۆرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلگەچكە، «ناۋادا بىرەر بۆرىگە يولۇقۇپ قالساق ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇنى يوقىتايلى» دەپ ۋەدىلىشىپتۇ. جاڭگالنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، ئىتلارغا خىرىس قىپتۇ. ئىتلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بۆرىنى قورشىۋاپتۇ. ھەممىسى بۆرىنىڭ ئۆز ئىگىلىرىگە

سالغان زۇلمىدىن شىكايەت قىلىشىپتۇ. بۆرە ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى پارچىلاپ يوقىتىش قارارىغا كېلىپ، بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىپتۇ. ئىتلار بۆرىنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنمەي، دەسلەپتە ئۇچى بىرلىشىپ ناۋاينىڭ ئىتىنى، ئاندىن ئىككى ئىت بىرلىشىپ ئاشپەزنىڭ ئىتىنى يوقىتىپتۇ. ئاندىن كېيىن بۆرە قويچىنىڭ ئىتىنى كۈشكۈرتۈپ ئىككىسى بىرلىكتە قاسساپنىڭ ئىتىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاخىرىدا قويچىنىڭ ئىتى يالغۇز قالغاندا بۆرە بىرلا ئېتىلىپ ئۇنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. تۆت ئىت دەسلەپىدىلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، بۆرىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان بولسا، ھەممىسى ھالاك بولمايتتى. ئۇلار ئاخىرى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ زىيىنىنى تارتتى.

# پەرۋانىگە ئوت ياخشى،
# پالۋانغا يۇرت ياخشى

پەرۋانە كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا ھەمىشە ئاشىقلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ماختىلىدىغان ئاجايىپ بىر جانىۋار، ئۇ چىراغ يالقۇنىغا شۇنچىلىك ئاشىقكى ھەتتا ئوتنى ئايلىنىپ، ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇپ كۆيۈپ كېتىشتىنمۇ قورقمايدۇ. تېنىنىڭ بىرەر ئەزاسى كۆيۈپ كەتسىمۇ يەنە ئوتتىن ۋاز كەچمەي، ئاخىرى كۆيۈپ ئۆلگەندىلا ئاندىن ئارام تاپىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ھەمىشە ئوتقا ئۇرمىسا ۋە ئاخىرى كۆيۈپ ئۆلمىسە، ئۇنىڭ ھاياتى بىزنى بۇنچە ئەجەبلەندۈرمىگەن بولاتتى.

ئەل ئارىسىدا تونۇلغان باتۇرلار ۋە ھەر ساھەدىكى تالانت ئىگىلىرىگىمۇ ئۆز ھاياتىنى مەناغا ئىگە قىلىشى ئۈچۈن يۇرت ـ ۋەتىنى ياخشى. ھەرقانچە بىر پالۋان ـ باتۇر ئۆز يۇرتىدىلا، يۇرت خەلقىنىڭ قوللىشى، كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولۇشى ئارقىلىقلا پالۋان ئاتىلالايدۇ، غايە ـ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. پالۋان يۇرتىنىڭ گۈلى بولسا، يۇرت شۇ گۈل ئۆسىدىغان باغۇ ـ بوستاندۇر. باغۇ ـ بوستان بولمىسا گۈل

نېمىش قىلسۇن ھەم شېخىدىن ئايرىلغان گۈلنىڭ قانچىلىك ئۆمرى ۋە قەدىر ـ قىممىتى بولسۇن؟

مەسىلەن ئالايلى، سادىر پالۋاننى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇ ئەلنىڭ دۈشمىنى بولغان زالىم ئەمەلدارلارغا مۇشت ئاتقان، تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە ئەلنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشىغان. ئەلنى زالىملارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قوغدىغان. شۇڭا خەلقىمىز ئۇنىڭغا «سادىر پالۋان» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خەلقىمىز ئۇنى ھەمىشە ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ كەلمەكتە. بىر ئەر ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىن خەلقنىڭ دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇشىغا ئېرىشىشتىنمۇ ئارتۇق شەرەپ بولماس.

# چەتكە چىقساڭ چەتنەپ كېتەرسەن

پەرۋانىگە ئوت، بېلىققا سۇ، كەكلىككە تاغ ياخشى بولغىنىدەك، ئىنسان ئۈچۈنمۇ ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنى ھەممىدىن ياخشى. بىر كىم يۇرتىدىكى بىرەر دۈشمىنىدىن قېچىپ، يۇرت ـ خەلقىدىن رايى يېنىپ ياكى پايدا ـ نەپ قوغلىشىپ، راھەت ـ پاراغەتلىك ياشاشنى ئىزدەپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولسا، بەلكىم تەلىيى ئوڭ كېلىپ چەت ئەلدە ئەجرىگە يارىشا پايدا ـ نەپكە، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلىشى، ئۆز يۇرتىدا ئېرىشەلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە چەت ئەلدە ئېرىشەلىشىمۇ تامامەن مۇمكىن. ئەمما ئۇ كىشى شۇ راھەت ـ پاراغەتنى دەپ يۇرت ـ ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، يۇرت ـ ۋەتىنىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىپ بەرمەيدىكەن، ئۇنداقتا ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ چەت ئەلدە ئېرىشكەنلىرىنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولىدۇ. ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسىمۇ دۇنيادىن نام ـ نىشانسىز كېتىدۇ. چۈنكى خەلقنى ياد ئەتمىگەن ئۇنداق ئادەمنى خەلقمۇ ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن مەلۇم بىر كىشى نۇرغۇن

پايدا ـ نەپكە ئېرىشتى، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى دەيلى، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكىنى يوقاتقىنىغا ياماقمۇ بولالمىدى. چۈنكى ئۆز خەلقىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى، ھۆرمەت ـ قايىللىقى ئالدىدا ئۇنىڭ ئېرىشكەن مەنىسىشەتلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جەسىتى يات ئەلدە قالىدۇ. ئۇنى كىم ياد ئېتىدۇ؟ ھېچكىم. خۇددى شۇ ھەقتە مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇقادىر بېدىل مۇنداق يازغان:

كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغىمۇ كۆڭۈل قويالماي ئۆتەر.
ئۈچقۇن تاشتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن،
قانچە ماختىمغىن، بەربىر ئۆچەر.

# يۇرت سۆيمىگەننىڭ دىلى قارا بولىدۇ،
# يۇرت سۆيەر ئەر راۋۇرۇس بولىدۇ

يۇرتىنى سۆيۈش ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي، گۈزەل خىسلەتلىرىنىڭ بىرى. ئۆز نەپسىنىڭ كەينىدىلا پالاقشىپ يۈرۈيدىغان. ئۆزىنى ئويلايدىغان، باشقىلارنىڭ ھەتتا بىر تۇغقانلىرى، تام قوشنىلىرى ئىغىر كۈندە قالسىمۇ ياردەم قولىنى سۇنماقتا يوق تاماشا كۆرۈپ ياشايدىغان، ئۆز مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتتى بولمىغان، بارلىق ئىشلارغا بىپەرۋا قارايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ روھىيىتىنىڭ بەكمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنداق ياشاش پەقەت ھايۋانلارنىڭلا ئادىتى. دىل يورۇقلۇقى شۇنداق خاسىيەتكە ئىگە بولىدۇكى، نىيىتى دۇرۇس ئادەم دۇنياغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئۆز ـ ئۆزىدىن دائىم ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن ھاياتىنى ياخشى ئىشلارنى كۆپەرەك قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. ئۆزىدىكى نۇقسان ـ ئىللەتلەرنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ، مەنىۋى كامالەتكە ئىنتىلىپ ياشايدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى «مەن» ئەمەس، بەلكى ئەل ـ جامائەت، تارتقان جاپاسى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى

ئەل - يۇرت ئۈچۈن. ئەل - يۇرت ئۈچۈن چەككەن جاپا، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەت، تۆككەن قان ھەممىسى ئۇنداق كىشىلەرگە راھەت تۇيۇلىدۇ. بۇنداق راھەتنى بۇرنىنىڭ ئۇچىدىلا كۆرۈپ، پەقەت ئۆز غېمىدىلا ياشايدىغان دىلى قارا كىشىلەر مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ئازراق بۇزۇلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولۇپلا «ئەمدى ھېچكىم ئۆتەلمىسۇن» دېگەن شۇم نىيەت بىلەن كۆۋرۈكنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ تاشلاپ كېتىشكە رازىكى، كۆۋرۈكنى ئوڭشاپ قويۇشنى زىنھار خالىمايدۇ. مانا بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنى ئايرىيدىغان نەرسە دەل ۋىجدان.

# ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس

ئەل ئاغزىغا چىققان بەزى گەپلەرنى توسۇش ياكى يوق قىلىۋېتىش تولىمۇ قىيىن. تولا چاغلاردا ئەل ئاغزىغا چىققان كىچىككىنە بىر گەپ قۇلاقتىن ــ قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ئاز گەپ ئاۋۇپ كېتىدۇ. بۇ توپەيلى ھېچكىمنىڭ ئەلدىن ئاغرىنىشقا ھەققى بولمايدۇ. مۇشۇ ھەقتە مۇنداق بىر چۆچەك ئاڭلىغانىدىم:

بىر دېھقان ئېتىزدا خامان سورۇۋاتقان ئىكەن، بىر كەمدە قۇلىقى قىچىشىپ كېتىپتۇ. كوچىلسا قۇلىقىدىن توخۇ پېيىنىڭ كىچىككىنە تۈكچىسى چىقىپتۇ. دېھقان شۇ ئىش سەۋەبلىك بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى بۇنى كۆرۈپ: «ۋاي ئاكا، شۇنداق بەلەن شامال چىقىۋاتسا خامان سورىماي نېمە تۇرۇپ قالدىڭىز» دەپ سوراپتۇ. دېھقان قۇلىقىغا كىرىۋالغان توخۇ پېيىنىڭ تۈكىنى ئېلىۋېتىمەن دەپ توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھېلىقى كىشى يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ.

بىر يەرگە بارغاندا يەنە بىر كىشى ئۇچراپ ھېلىقى دېھقاننى كۆرگەن ــ كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

«ھەئە كۆردۇم، ئاۋۇ يەردە خامان سورۇۋېتىپتۇ، قولىقىدىن توخۇنىڭ پېيى چىقىپتۇ...» دەپ جاۋاب بېرىپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ گەپ قولاقتىن قولاققا ئاڭلىنىپ شاخلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا «بىر دېھقان خامان سورۇۋاتقاندا ئۇنىڭ قولىقىدىن يوغان بىر توخۇ چىقىپتۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولۇپتۇ. بۇ گەپكە ھەيران قالغان بىر كىشى «ئەمدى بۇ قانداق گەپ؟ بىر ئادەمنىڭ قولىقىغا توخۇ قانداق پاتىدۇ؟» دەپ ئويلاپ تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاخىرى مەلۇم بوپتۇكى، ئەسلىدە دېھقاننىڭ قولىقىدىن توخۇنىڭ كىچىككىنە تۈكى چىققىنى راست ئىكەن، قالغىنى خەقنىڭ تاپقان گېپى ئىكەن.

راستچىل كىشىلەر نەسلى قۇرۇۋاتقان ھايۋانلاردەك ئازلاپ كېتىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە تولا چاغلاردا راست - يالغان ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئەلنىڭ ئاغزىدىكى ھەممىلا گەپكە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. پىتنە - پاسات تارقىتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخلاقسىزلىقتۇر.

# ئەلنى ئويلىغان ئۇخلىماس

ئالىملار ئۇيقۇنى ئۆلۈمگە ئوخشىتىدۇ. «ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر» (ئابدۇقادىر داموللام سۆزى). كۆپ ئۇخلاش ۋە كۆپ يېيىش غەپلەتتە قالغان نادان، ھورۇن كىشىلەرنىڭ ئادىتى. ھەممىمىزگە ئۆمۈر ۋە شۇ ئۆمۈرنى تەشكىل قىلىدىغان يىل، ئاي، كۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەقسىم قىلىنغان. تەقسىم قىلىنغان ئۆمۈرنى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئىنسانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس. پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان نادان كىشىلەر شۇ قىسقىغىنە ئۆمرىنىمۇ پايدىسىز ئىش ـ ئەمەللەر، ئويۇن ـ تاماشا، كۆپ ئۇخلاش بىلەن بىھۇدە زايە قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ غايە ـ ئارزۇلىرىمۇ، ھاياتتا بىرەر نىشانىمۇ يوق. شۇڭا كۆپرەك ئۇخلاشمۇ ئۇلار ئۈچۈن راھەت. بۇ ھەقتە ناۋايىنىڭ زامانىدىشى بولغان شائىر كامالىدىن بىنايى:

ئۇيقۇنى بىل ئۆلۈم مىسالى،
ئاندا يوقتۇر ئۆمۈر نىھالى.

دەپ يازسا، زوھورىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئەۋلادى بولغان شائىرە زىبۇننىسا:

غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى — ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال،
ھەي ئىسست، جاھىل بىلەن سۆھبەتكە ئۆتكەن دەملىرىڭ.

دەپ يازىدۇ.

ئەمما شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەلگە كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىدۇ، ئىزدىنىدۇ، ئىجاد قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت. ھەتتا كېچىلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىجاد قىلىش بىلەن ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش ياكى ناھايىتى ئاز ئۇخلاش ئۇلار ئۈچۈن راھەت. ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت، ھەربىر مىنۇتنىمۇ قەدىرلەيدۇ.

# ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار،
# يۈز يىلدا قازان (يېڭىلىنار)

بۇ جاھاندا نى ـ نى مەن ـ مەن دېگەن ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا قېرىيدۇ ۋە ئاخىر بىر كۈنى ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ مويسىپىت ئاتالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلگەن ياشلارمۇ قېرىيدۇ. بۇ تەبىئىي قانۇنىيەتكە ھەممىمىزنىڭ بويسۇنماي ئىلاجىمىز يوق.

تېخى نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئارىمىزدا بىلىمى مول، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە ھەممە قايىل بولىدىغان ئاجايىپ ياخشى كىشىلەر بار ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارمۇ ئارىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قالدى. ئۇلارنى ئەسلىسەك كۆزىمىزگە ياش كېلىدۇ. شۇنداق، نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، نەچچە يۈز يىل، ھەتتا مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىمۇ ئاجايىپ ئېسىل ئادەملەر ئۆتۈپتىكەن. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى مۇنداق يازغان: «بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم، ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى.

ئۇلار جىق ئۇگۇت ـ نەسىھەتلەرنى ئېيتقانىدى. بۇ ئۇگۇت ـ نەسىھەتلەرنى ئەسلىسەم، كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ».

ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەقلى ئويغاق نۇرغۇن كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئارىمىزدا يوق. ئەل يېڭىلاندى. كەتكەنلەر ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن ئېسىل قائىدىلىرىمىزنى بىللە ئېلىپ كەتتى، ئەپسۇس ئادىمىيلىككە ۋە ئەجدادلىرىمىزغا پۈتۈنلەي يات بولغان نۇرغۇن نۇقسان ـ ئىللەتلەر ۋە غەيرىي ئادەتلەرمۇ ماس ھالدا پەيدا بولدى ھەم بەزىلىرى شىددەت بىلەن كېڭەيدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىز باسارى بولغان بىزلەر تارىخىمىزدا زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. گۈزەل كېلەچەك بىزلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەمما شۇ كېلەچەككە ئېرىشىش ھازىرقى يېڭىلانغان پۈتۈن ئەلنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

# ئەلنى ئالدىغان تورغا چۈشەر

كىمكى ئەلنى ئالدايمەن دەيدىكەن، ئاخىرى ئۆزى ئالدىنىدۇ. ئەل ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايدۇ. ئەمما ئارىمىزدا شۇنداق پەس تەبىئەتلىك كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئەلنى، ئەل ئىچىدىكى ساددا، ئاق كۆڭۈل، كەمبەغەل كىشىلەرنى، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاجىز - بىچارىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ جان باقىدۇ. ئىش - ئوقىتىدە ھالال - ھارامنى ئايرىمايدۇ. ئىنساپ، مېھىر - شەپقەت دېگەن ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە يات. ئۇلار ھەممە ئىشنىڭ ھېساب - كىتابى بولىدىغانلىقىنى، ئەلنى ئالدىغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ.

يۇرتىمىزدا بىر كاززاپ سودىگەر بار ئىدى. دائىم تارازىنى خاتا تۇتۇپ كىشىلەرنى ئالداپ پايدا ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل بېيىپ كەتكەنىدى. ئەھلى ھېكىملەر ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماسلىقنى، كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسىمۇ، پىسەنتىگە ئالمايتتى. «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دېيىلگەن: «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا)

كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ» [1] «كىشىلەرگە نەرسىلىرى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار» [2] .

ئۇ كىشى ئالدامچىلىقتا ئۇچىغا چىققانىدى. ھەممە ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. قىزىلگۈلمۇ ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن توزۇيدۇ. بىر كۈنى ئۇ كىشى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپ كەچ يانغان ئىكەن. كۆتمىگەندە ئۇلار چىققان ماشىنا يولدىن چىقىپ كېتىپ، ئازگالغا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. ماشىنىدىكى بەش ئادەمنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئۆلۈپتۇ. ئۇ كىشى توغرىسىدا بەزىلەرنىڭ: «ئەلنى قاقشاتقاننىڭ جازاسىنى ئاخىرى تارتتى» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

① «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇر تەرجىمىسى 83 ـ سۈرە 1 ـ، 3 ـ ئايەتلەر، (بېيجىڭ) مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. ② مەزكۇر كىتاب 183 ـ ئايەت، 26 ـ سۈرە.

## سەن تاش سانىساڭ، خەلق قوۋم سانايدۇ

كۆپنىڭ ئەقلىمۇ، تەجرىبىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كۆرگىنى ۋە بىلگىنى ھامان چەكلىك بولىدۇ. بىر ئادەمدە بىر جۈپ قۇلاق، بىر جۈپ كۆز بولسا، ئون ئادەمدە ئون جۈپ قۇلاق، ئون جۈپ كۆز بولىدۇ. شۇڭا بىر دېگەن بىر، كۆپ دېگەن كۆپ. سەن ھەرقانچە چېچەن، بىلىملىك بولۇپ كەتسەڭمۇ، ھەرگىز ئۆزۈڭگە تەمەننە قويغۇچى بولما. «سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن». ئەلنىڭ گېپىگە قۇلاق سال، ئەلدىن ئۆگەن. ئەل سەن بىلمىگەننى دەپ بېرەلەيدۇ. سەن تاش سانىساڭ، ئەل قوۋم سانايدۇ. سەن بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنى كۆرگەن بىلەن ئەل يىراقنى كۆرەلەيدۇ. مەمەدان، ئۆز بېشىمچى كىشىلەر تولا چاغلاردا زىيان تارتىدۇ. مەنمەنلىك بىلسەڭ كىشى ئۇچۇن يېتەرلىك ئەيىبتۇر. ئەگەر دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار ئەلنىڭ ئورتاق مەسلىھەت ـ پىكرى ۋە ئورتاق تىرىشچانلىقى بويىچە بولماي، بىر ئادەمنىڭ رايى بويىچە بولىدىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەم ياشىشىدىن،

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن تەجرىبىلىك، پاراسەتلىك ئادەملەر كۆپ، ئۇلارنىڭ ھايات بولۇشى ۋە دانا مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ ئەلنىڭ ئومۇمىي ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ، مۇشكۇللىرىمىز ئاسان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ئۆزىمىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ھامان چەكلىك ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشىمىز لازىم.

# نەگە بارساڭ شۇ يەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيت

ھەممە يۇرتنىڭ، ھەممە يەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرۈپ ـ ئادىتى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولىدۇ. ئۇ ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدىلەرنى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شۇ يۇرتتا ياشىغان خەلقلەر پەيدا قىلغان ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرغان بولىدۇ. بۇنداق ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار ئاسانلىقچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ ھەم مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ يۇرتنىڭ بەلگىسى ۋە مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قالىدۇ.

سىز تۇغۇلغان يۇرتىڭىزدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتتا مەلۇم مەزگىل ئىش ـ ئوقەت ياكى خىزمەت قىلماقچى بولسىڭىز ۋە ياكى ئۆمرىڭىز ئۆتكىچە شۇ يەردە ياشىماقچى بولسىڭىز، چوقۇم شۇ يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشىڭىز، شۇ يەرنىڭ خەلقى بىلەن ماسلىشىپ، ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ياشىشىڭىز كېرەك. بولمىسا يەكلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئائىلۇق، ئۇرۇمچىدە تۇرمۇش رىتىمى بىرقەدەر تېز، رىقابەت كۈچلۈك، بوش تۇرغانغا جانىنى باققىلى بولمايدۇ. زاماننىڭ تەرەققىياتى، نوپۇسنىڭ كۆپلۈكى، ئىجتىمائىي شارائىت قاتارلىق ئامىللار

ئۈرۈمچىدە ياشايدىغان كىشىلەرنى مۇشۇنداق كۆچلۈك رىقابەت ئاستىدا سەزگۈر، چاققان بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر قىلغان. ئەگەر سىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر چەت يېزىدىن تەلەي سىناپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، يۇرتىڭىزدىكىگە ئوخشاش «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ؟» دەپ لاغايلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولسىڭىز، نەچچە ئاي بولمايلا بار پۇلىڭىزنىمۇ بۇزۇپ ــ چېچىپ تۈگىتىپ، كەلگىنىڭىزگە مىڭ پۇشايمان قىلىپ «يۇرتۇم سەن نەدە» دەپ قايتىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداقلا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر ياشمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرەر ناھىيەگە بېرىپ قالسا، ئۇ يەردىكى رىتىملىق تۇرمۇش، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئادەملەر، چىرايلىق ئۆرپ ــ ئادەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن.

# تۇرغان يەردىن تۇغۇلغان يەر ئەلا

قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىغا ئوخشاش ھەمىشە بىر يەردىن قوزغالماي «ئالەم دېگەن مۇشۇ» دەپلا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ نەزەر دائىرىسى تار بولىدۇ. يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. يېڭى ئۇچۇرلارنى بايقىيالمايدۇ، كونىلىققا زىيادە يېپىشىۋالىدۇ. ئەكسىچە كۆپ يۇرت - شەھەر كۆرگەن ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ بولىدۇ. يىراققا نەزەر سالالايدۇ، خىيال - تەپەككۇرى ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا كونىلاردا: «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دەيدىغان گەپ بار.

ئەگەر سىزنىڭ ئىش - ئوقىتىڭىز يۇرتىڭىزدا تازا ئاقماي قالسا، تەۋەككۇل قىلىپ باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ بېقىڭ، بەلكىم تەلىيىڭىز ئوڭدىن كېلىپ ئىشىڭىز خەيرلىك بولۇشى مۇمكىن. باشقا يۇرتتىكى سىزگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان ئادەملەر ۋە يېڭى مۇھىت سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزنى غىدىقلاپ، يېڭىچە ياشاش يولىنى تېپىۋېلىشىڭىزغا ئىلھام بېرىشى مۇمكىن. ئاشۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن سىزمۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۆزىڭىزنىڭ قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ پۇل تېپىپ، يول تېپىپ

تۇرمۇشىڭىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىڭىز مۇمكىن.

ئەمما كونىلاردا يەنە «گۈلۈڭ قەيەردە ئېچىلسا شۇ يەردە ياشا» دەيدىغان بىر ماقالمۇ بار. ئادەمدە جۈرئەت ۋە غەيرەتلا بولىدىكەن، چوقۇم كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. توختام سۇدىن ئېقىپ تۇرغان دەريانىڭ سۈيى تاتلىق بولغىنىدەك، ئۇمۇمەن تىرىشىپ بەرىسىڭىز چوقۇم بىر گەپ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆز كىندىك قېنىڭىز تۆكۈلگەن ئاشۇ ئەزىز تۇپراقنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

# ئەلدىن ئەلگە نەپ، ئەردىن ئەلگە نەپ

ئىنسانلار ھاياتتا ھەمىشە بىر - بىرىگە موھتاج بولۇپ ياشايدۇ. دۇنيادا كىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق. بايمۇ كەمبەغەلگە، كەمبەغەلمۇ بايغا، ئايالمۇ ئەرگە، ئەرمۇ ئايالغا موھتاج بولۇپ ياشايدۇ. بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئىنتايىن ئەزىز ئادەم دەپ بىلسىڭىز ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا كۆپرەك نەپ بېرىڭ. ئىشقىلىپ مىڭ تىرىشسىڭىزمۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىنى چاڭگىلىڭىزغا كىرگۈزەلمەيسىز. ساغلاملىق توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئەڭ قۇۋۋەتلىك تائاملارنى يەپ ياشىسىڭىزمۇ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرەلمەيسىز. ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىسىز. ئۆلسىڭىز جاپادا ئېرىشكەن مال - دۇنيالىرىڭىزنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا قالىدۇ، ئۇنى گۆرىڭىزگە بىللە ئېلىپ كېتەلمەيسىز. ئۇلۇغلىرىمىز: «مېيىت دەپنە قىلىنغاندا ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرسى مېيىت بىلەن بىللە قالىدۇ. يەنى، ئۇنىڭغا يېقىنلىرى، پۇل - مېلى ۋە قىلغان ئەمەلى ئەگىشىپ بارىدۇ، ئەمما ئۇ دەپنە

قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يىغقىنلىرى ۋە پۇل - مېلى قايتىپ كېلىدۇ، ئەمىلى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ» دېگەن ئىكەن. شۇڭا قولىڭىزدىن كەلسىلا باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈڭ، ياخشىلىق قىلىڭ. سىزنىڭ بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىدىغىنىڭىز پەقەت مۇشۇلا.

ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، سودا قىلسا بىر يۈەنلىك پايدا ئۈچۈن قەسەم ئىچىدۇ، ئون يۈەنلىك زىيانغا چىدىماي قولىغا پىچاق ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ. شۇنداق قىلغانسېرى ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىش - ئوقىتى راۋاج تاپمايدۇ، ئەل ئىچىدە ئىناۋەتتى بولمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار يەنە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي.

# دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
# ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق

كىشىنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولسا، قىلغان ئىشىدا بەرىكەت بولىدۇ، ئەجرى ھەرگىز زايە كەتمەيدۇ. نىيىتى دۇرۇس ئادەم سېخىي، مەرد كېلىدۇ. ئۇنداق ئادەم ياخشى ئىشلارنى خالىس قىلىدۇ. قىلغان ئىشى ئۈچۈن باشقىلاردىن مۇكاپات تەمە قىلمايدۇ. قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلمايدۇ.

دېھقانلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشانغانلار ئارىسىدا باشقىلارغا خالىس ياردەم قىلىدىغانلار تولا، ئىگە - چاقىسىز قالغان كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ ھاجىتىنى راۋا قىلىش؛ ئاغرىپ قالغان غېرىپ - ئاجىزلارنى يوقلاش؛ بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆۋرۈكنى ياساپ قويۇش؛ يول ئۈستىدىكى تاش، تىكەن، چېقىلغان بوتۇلكا، نىجاسەت، ئىت - مۇشۇك، توشقان، چاشقان ياكى توخۇ - كەپتەرلەرنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىق پۇتلىشىدىغان ياكى مۇھىتنى بۇلغايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش؛ باشقىلار يېسۇن دەپ يول بويلىرىغا ئۈجمە تىكىپ قويۇش؛ قەرزدار بولۇپ قالغان كىشىلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئۇلار خۇشاللىق

دەپ ھېس قىلىدۇ ھەمدە بۇنداق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. مەن شۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆنسېرى بېيىپ كېتىكەنلىكىنى، ئەل ئارىسىدا يۈكسەك ئىناۋەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆپ كۆردۈم. مۇھەممەد ھۇسەيىن بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

كىمە رىسىدىن رازى بولسا گەر قېرىنداش،
ئېشىپ ئابرۇيى، بولغاي ھەممگە باش.

بىزدە ئاشۇنداق كىشىلەر كۆپ بولغان بولسا، ئەھۋالىمىز ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى. باشقىلارنىڭ كەينىدە قالمايتتۇق.

# كۆچۆگنى يەرگە ئىشلەت،
# بىلىمگنى ئەلگە (ئىشلەت)

يەر دېھقاننىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قىممەتلىك بايلىق ھەتتا دېھقاننىڭ جېنى دېسەكمۇ بولىدۇ. يەرگە قانچە ئىشلىسە شۇنچە ھوسۇل بېرىدۇ. قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويسا، ئېرىشىدىغان ھوسۇلمۇ ئاز بولىدۇ.

ئەمدى بىلىم ئەھلىگە كەلسەك، بىلىمنى كىمگە ۋە قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئادەم مەلۇم بىر ساھەدە مول بىلىمگە ئىگە بولسا، ئەمما ھۆپۆپكە ئوخشاش ئىچىدە سېتىپ ئەمەلدە كۆرسەتمىسە ياكى ئەرزىمەس ئىشلارغا زايە قىلىۋەتسە، بۇ شۇ ئادەمنىڭ بەختسىزلىكىدۇر. بۇنداق بىلىمدانلىقنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان بىلىمنىڭ قەدرى زىيادە بولىدۇ ھەمدە بىلىم ئىگىسىنىڭمۇ ئەل ئىچىدە ئابرۇيى بولىدۇ ھەتتا ياخشى نامى مەڭگۈ قالىدۇ.

بىز ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرى يازغان «تۈركى تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك»، مىرزا ھەيدەر كورەگان يازغان «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق

مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلەرنى بىلىمىز. ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق مول بىلىمگە ئىگە بولىمىز. شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىتابلارنى يازغان پەخىرلىك قەلەم ساھىبلىرى ئەينى چاغدا ئۆز خەلقى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ رىيازەت چېكىپ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. مانا ئاردىن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ۋە مۇبارەك نامى ئۆچۈپ كەتمىدى. ئەل ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان بىلىم ئەنە شۇنداق ئۆچمەيدۇ.

## سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق،
## ۋەتەنسىزنىڭ يۈزى يوق

ۋەتەن بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى جەننىتىمىز، ۋەتەن بولسىلا بىزنىڭ ھەممە نېمىمىز بار بولىدۇ. ۋەتەندىن ئايرىلساق بىزنىڭ ھېچنېمىمىز بولمايدۇ. دۇنيادا ۋەتەنسىزدەك خار، بىچارە ئادەم يوق.

بۇ يەردە ۋەتەن توغرىسىدا ۋەزخانلىق قىلغاندىن كۆرە، تالانتلىق شائىرىمىز ئادىل تۇنىيازنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى مۇنۇ مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مېنىڭچە، ئارىمىزدا بۇ شېئىرىنى ئوقۇپ قاتتىق ھاياجانلانمىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزىلى بىلەن،
يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ.
ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قولياغلىقىڭنى،
ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى.
ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن،
مىليونېر بوپ كەتكىن بەربىر يەرلىك.

قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق،
ھەركىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق.
مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە،
بىر كۈپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ.
ئوقۇساڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت ··· ۋەتەن، ئىھ ۋەتەن،
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى.
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.
گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خۇش پۇراق گۈلدۇر،
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن توڭ تېزەك.
ئەيسادۇر، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى،
يات يۇرتتا تۇغقانمۇ يوتۇلماس دوستتەك···[1]

# تاغ تاغقا قوشۇلماس، ئەل ئەلگە قوشۇلار

بۇ ماقال قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى بولۇپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ شاھ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئىككىنچى تومى (139 ـ بەت) دا مۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەن: «تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر» [1] يەنە شۇ دىۋاننىڭ ئۈچىنچى تومى (209 ـ بەت) دا بۇ ماقال مۇنداق ئىزاھلانغان: «تاغ تاغقا قوۋۇشماس، كىشى كىشىگە قوۋۇشار، يەنى ئىككى تاغ بىر ـ بىرىگە قوۋۇشمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆز جايلىرىغا ئورناپ كەتكەن. كىشىلەر ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ماقال ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۆيگىنى بىلەن كۆرۈشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ» [2].

كىشىلىك جەمئىيەتتە ئادەملەر ھەمىشە ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىشىپ، دوست ـ ئاغىنە بولۇشۇپ ياشايدۇ. دوستلۇق، سەپداشلىق، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتلىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، ئىشەنچ ئورنىتىلىدۇ. بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق تەرەپلىرى بولسا ئۆگىنىدۇ. يېتەرسىزلىكلىرىنى

تۇزىتىدۇ. بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ. ھايات گۇزەل تۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئادەملەر ئارىسىدا مۇشۇنداق ئىتتىپاقلىق شەكىللەنمىسە، ھەر كىم ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، ھەر ئەل ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرۈپ ياشاۋەرسە، بۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر قىزىقى قالمايدۇ. ئالەمنىڭ تەرتىپىمۇ پۇتۇنلەي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

# ئەل قالار، ئادەت قالماس

بۇ ماقال قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق مىسال كەلتۈرۈلگەن: ئەل قالار، ئادەت قالماس. يەنى ئەل - يۇرت قالىدۇ، قائىدە - يوسۇن قالمايدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى قائىدە - يوسۇن بويىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ»[1]

ھەر يۇرتنىڭ، ھەر ئەلنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرى بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ باشقا مىللەتلەردە بولمىغان، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بار. بۇ ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بويان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق چىرىلىق ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى پەيدا قىلغان ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولسىمۇ، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇلىنىپ، ئەمدىلىكتە بىزلەرگە مىراس قالدى. بۇ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلار بىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز ھەمدە مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ بەلگىسىدۇر. بىزمۇ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، ئەمەل

قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئەۋلادلىرىمىزمۇ بىزدىن ئۆگىنىدۇ. بىزدىن ئۇلارغا مىراس قالىدۇ. ئاندىن بىزمۇ ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلەيمىز. گۈزەل ئەخلاقىقا ئىگە بولغان، قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ھەممە يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

## يامغۇر ياغسا يەرنىڭ بەرىكىتى،
## مەرد تۇغۇلسا ئەلنىڭ بەرىكىتى

يۇرتتا ھۆل ـ يېغىن بولمىسا، قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، زىرائەتلەر ھوسۇل بەرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز يامغۇرنى بەرىكەت دەپ قارايدۇ. يامغۇرنىڭ يەر ـ زېمىنغا بەرىكەت ئاتا قىلىدىغان مۇشۇ خاسىيىتى تۈپەيلى خەلقىمىز ۋەتەن ۋە ئەل ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلالايدىغان مەرد ـ مەردانىلەرنى يامغۇرغا سېلىشتۇرما قىلغان. ۋەھالەنكى، مەرد كىشىلەر ئەلنىڭ يۈرىكى، تىلىكى ۋە ئېپتىخارىدۇر.

تىنچ تۇرغان كۆلگە يوغان بىر تال تاشنى تاشلىسىڭىز، تاش چۈشكەن يەردىكى سۇنىڭ دولقۇنى تۆت تەرەپكە تارايدۇ. ھەتتا قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىشمۇ مۇمكىن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەل ئارىسىدا ئەقلى ئويغاق، مەرد كىشىلەردىن بىرقانچىسى بولسا، ئۇلار پۈتۈن ئەلگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەلنى توغرا يولغا باشلاپ ماڭالايدۇ. خۇددى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك:

بولغۇرسە ئىتقا، كۆز، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

ئەلگە باشلامچى بولغان كىشىنىڭ خۇي - پەيلى، ئارزۇ - نىيەتلىرى قانداق بولسا، ئەل - جامائەتمۇ شۇنى دورايدۇ، شۇنىڭدىن ئۈلگە ئالىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ھەقىقىي مەردلەرنى ئەلنىڭ بەرىكىتى دەپ قارايدۇ. ئاشۇنداق مەردلەر ئارىمىزدا قانچىلىكى كۆپ بولسا، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز شۇنچە گۈللەپ ياشنايدۇ.

# ئەل ئىشىغا ئىرىنمە، مىننەت قىلىپ كىرىلمە

ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن خالىس نىيەت بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلغان مەلۇم كۈندىن كېيىن بىرەر كىشىدىن دىلى ئازار يەپ، بىرەر سەۋەب بىلەن ئورۇنسىز ئاغرىنىپ، ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا مىننەت قىلسا، ئۇنداقتا قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يوققا چىقارغان بولىدۇ.

سىز ئەلگە ھەرقانچە كۆپ ئىش قىلىپ بەرگەن بولسىڭىزمۇ زىنھار مىننەت قىلماڭ. ئەمەلىيەتتە ئەل ئۈچۈن مىننەت قىلغۇدەك ئىش قىلالىشىڭىزمۇ تايىنلىق. بۇ ھەقتە دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ لەتىپىسى بىزگە ياخشى ئۆرنەك بولالايدۇ:

بىر كىشى نەسىردىن ئەپەندىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم. قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنى بىلەلمەي قالدىم. ماڭا بىر دانا مەسلىھەت بەرسىڭىزچۇ؟

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقىڭىز بولسا، ئۆلگۈچە يادىڭىزدا ساقلاڭ؛ سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ

تاشلاڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

سىز تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئەقىل تېپىپ ئادەم بولغۇچە ئەلنىڭ شۇنچە كۆپ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىسىز — يۇ، ئەل بۇنىڭغا مىننەت قىلمىسا، سىز ئەل ئۈچۈن قىلغان كىچىككىنە بىر ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن مىننەت قىلىسىز، بۇ قانداقمۇ ئادىمىلىككە توغرا كەلسۇن؟

# ئەلنى شاد قىلساڭ ئىشىڭنى يەرسەن،
# ئەلنى قاقشاتساڭ بېشىڭنى (يەرسەن)

ئەل ـ جامائەت ياقتۇرىدىغان، ياخشى خۇلقى ۋە ياخشى ئىشلىرى بىلەن ئەلنى خۇش قىلالىغان ئادەملەرنىڭ ھەمىشە ئەل ئىچىدە يۈز تېپىپ، دۇنيادىن ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەكسىچە ئەلنى قاتتىق قاقشاتقان ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولغىنىنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق.

كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر يۇرتدىشىم بار ئىدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىمۇ دائىم كىشىلەرنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنى، توخۇ ـ كەپتەرلىرىنى ئوغرىلاپ، كىچىلىرى باشقىلارنى ئۇخلىغىلى قويماي ئۆگزىسىگە چالما ئېتىپ، دۆۋىلەپ قويغان غازاڭ، سامانلارغا ئوت قويۇپ، ئۇلاغلىرىنى قويۇپ بېرىپ خەقنىڭ زىرائەتلىرىنى يېگۈزۈۋېتىپ، ئۆزىدىن كىچىك بالىلارنى بىر ـ بىرىگە كۈشكۈرتۈپ مۇشتلاشقا سېلىپ، كىشىلەرنىڭ دىلىغا بىھۇدە ئازار بېرىپ دېگەندەك بولمىغۇر ئىشلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كېتىپ ئۇنى ئارىغا

ئالمىغاچقا، يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەتكەن، ئۇ يەردىمۇ يەنە شۇ ئەسكىلىكنى تاشلىماي ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، زەھەر ئېلىپ ـ سېتىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن. يېقىندا ئاڭلىسام بىر قىمار سورۇنىدا باشقىلار بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، باشقىلار ئۇنىڭغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئەسكىلىكى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. ياشلىرىمىز ئىچىدە مانا شۇنداق ئەلنى قاقشىتىپ يىگەنلەر ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. شۇڭا باشقىلارغا شاد ـ خۇراملىق ئاتا قىلغىنىڭنى ھەرگىز قاقشاتما.

# دەرەخ قانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن تۇپراقتىن ئايرىلالماس

دەرەخنى دەرەخ قىلىپ كۆكلىتىپ تۇرغان ئۇنىڭ يىلتىزى. يىلتىز بولسا تۇپراقتىن قۇۋۋەت ئېلىپ، ئۇنى دەرەخنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى شاخ - يوپۇرماقلىرىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تۇپراقتىن ئايرىلسا دەرەخمۇ قۇرۇپ قالىدۇ.

ئىنسانلارمۇ ئاشۇ دەرەخكە ئوخشاش مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراقتىن ئايرىلىپ قالسا ياشىيالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ هايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن سۇ، ئاش - نان، سەي - كۆكتات، يەل - يېمىش، گۆش - ياغ، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نۇرغۇن ماددىي مەئىشەتلەر بولۇشى كېرەك. مانا شۇ ماددىي مەئىشەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ گۆھەر زېمىن — تۇپراقتىن كېلىدۇ. بىزگە ھاياتلىق بەخش ئەتكەن مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تۇپراق بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز. سىز مەيلى قانچىلىك مەشھۇر ئادەم ھەتتاكى ئەۋلىيا بولۇپ كەتسىڭىزمۇ يەنىلا مۇشۇ زېمىننىڭ ئادىمىسىز، مۇشۇ تۇپراقتىن ئايرىلالمايسىز.

مەرھۇم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ ھەقتە مۇنداق

يازغان:

هەرقانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئۇزداغى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
يۇتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا بولار.

شۇڭا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربىر چىمدىم تۇپرىقىنى ئۇلۇغلاش، قوغداش، مۇشۇ تۇپراق ئۈچۈن ھالال تەر تۆكۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىدۇر.

# دەردى بار بوستاندىن، دەردى يوق چۆل ياخشى

كىشىلىك تۇرمۇشتا خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىك بەكمۇ مۇھىم. ئەگەر بىر كىشى تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن مەلۇم بىر جايدا تۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلغان بولسا بالا ـ قازا، غەم ـ قايغۇ، خاپىلىقتىن نېرى بولالمىسا، دائىم كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشى، يەكلىشى، بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ دىلى رەنجىپلا ئۆتسە، ئۇنداقتا شۇ يەر باشقىلارنىڭ نەزىرىدە جەننەتتەك بولسىمۇ، ھېلىقى كىشىگە دوزاختەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يېگىنى ئاش ـ نان ئەمەس زەھەر، كىيگىنى كىيىم ئەمەس كىپەن بولىدۇ. خورلۇق، خاپىلىق ئادەمنىڭ روھىنى خورىتىپ، ئاسانلا قېرىتىۋېتىدۇ. شۇڭا بىر جايدا قانچە تىرىشسىمۇ كۆڭلى خۇش بولماي، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈلمەي كەلگەن ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ياخشى چارە ئۇ جايدىن يۆتكىلىپ، باشقا بىر جايدا تىرىكچىلىك يولىنى داۋام ئېتىشتۇر.

يۇرتىنىڭ ئېتىكى كەڭ، ياخشى ئادەملەر كۆپ، بىرسى «چالما» دەپ تاشلىۋەتكەننى يەنە بىرسى «ئالما» دەپ

قەدىرلەيدۇ. سىز خاتىرجەملىك ئىزدەپ كەلگەن جايدا بەلكىم ئاللىقانداق ئامەت ۋە خۇشاللىق سىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. سىزنىڭمۇ قەدىرىڭىزگە يېتىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن.

ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆزى قوغدىشى كېرەك. ھەمىشە تېخىمۇ ياخشىراق ياشاش يولى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشى كېرەك. ئەقلىڭىزنى جايىدا ئىشلەتسىڭىزلا ھەرقانچە مۈشكۈللۈكتە قالسىڭىزمۇ يەنە چىقىش يولى تاپالايسىز، بەختىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايسىز.

# ئۆيدىن ئاغرىنىپ يۇرتىنى تاشلاپتۇ، سەرگەردان بولۇپ كۆزىنى ياشلاپتۇ

تۇرمۇشتا ئادەم ھەمىشە خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ياشايمەن دېيەلمەيدۇ. ئائىلە دېگەندە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق، خاپىلىق، بالا - قازا، ئىقتىسادىي زىيان بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق چاغلاردا كىملەردىندۇر ئاغرىنىپ يۇرتىنى تاشلاپ كېتىش توغرا ئەمەس. بۇ، نامەرد، ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى. ئادەمدە سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەتلا بولىدىكەن ھەممىنى يەڭگىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ ئارىمىزدا، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز ئىچىدە خىلمۇخىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۆيدىن ئاغرىنىپ ئاتا - ئانىسى ياكى خوتۇن - بالىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى تاشلىۋېتىپ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىۋېلىپ، شۇ يەردە خارلىنىپ جان بېقىۋاتقانلار مەلۇم نىسبەتتە بار. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالسىڭىز، تولىسىنىڭ ھالى خاراب، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۈندىن ئېتىنىڭ كۈنى ياخشى. نادانلىق قىلىپ يوقىلاڭ ئىش بىلەن يۇرتنى تاشلاپ كېتىپ، بارغانلا يېرىدە خار بولۇپ يۈرگەنلەر كۈندە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلىدۇ.

يۇرتىدا قىپقالغان جان كۆيەر تۇغقانلىرى تېخى بىچارە، ئۆزى تېخى ۋەيرانە بولىدۇ. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆز يۇرتىدا، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايىدا ئاتا ـ ئانىسى ياكى قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن پېتىشماي، ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۆيىنى ھەم يۇرتىنى تاشلاپ، تويتىن ئايرىلغان ياۋا كەپتەردەك سالجىپ چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ باشقا يەردە ياخشى كۈن كەچۈرۈشى بەك قىيىن. ئۇنداق ئادەمنىڭ خار بولغىنى بولغان. ئۇنداق ئادەم خارلىقنى ئۆزى سېتىۋالىدۇ. بىز شۇنداق كىشىلەردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم.

## يۇرتتىن ئايرىلساڭ يۇرت قەدرىنى بىلىسەن

ئادەم تولا چاغلاردا ئۆز ئېلىكىدىكى، ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. باشقىلاردىن مىڭ قېتىم ئاڭلىسىمۇ، لېكىن ئۆز بېشىغا كەلمىگىچە قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. سىز يۇرتىڭىزدا تۇرغاندا يۇرتىڭىزنىڭ قەدرىنى ئانچە بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەتراپىڭىزدىكى تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەملەرمۇ سىزگە ئانچە مۇھىم بىلىنمەسلىكى مۇمكىن. ئادەملەرلا ئەمەس، يۇرتىڭىزدىكى يوللار، سۇلار، باغلار، ئېتىزلار، ئايىغىڭىز ئاستىدىكى تۇپراق قاتارلىقلارمۇ ئۇنچە قەدىرلىك تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. ناۋادا بىرەر سەۋەب بىلەن باشقا يۇرتقا بېرىپ، شۇ يۇرتتا ئەسل - ۋەسلىڭىزدىن ئايرىلىپ، بىر نەچچە كۈن ياكى بىر نەچچە ئاي مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ بېقىڭچۇ؟ شۇ چاغدا يۇرتىڭىز جەننەتتەك، يۇرتىڭىزنىڭ ئادەملىرى پەرىشتىلەردەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. نە پۇل - مېلىڭىز، نە دوست - قاياشىڭىز بولمىغان ئەھۋالدا باشقا يۇرت سىزگە كۈلۈپ باقمايدۇ. سىز غېرىب بولىسىڭىز، يېتىم بالىدەك بويىنىڭىزنى قىسىپ قالىسىز. ئۆزىڭىز ئاۋات

شەھەردە، نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرسىڭىزمۇ لېكىن ئۇ شەھەر ۋە ئادەملەر سىزگە يات بولغاچقا ئۆزىڭىزنى خۇددى چۆل ـ باياۋاندا تۇرۇۋاتقاندەك يالغۇز ھېس قىلىسىز. ئەنە شۇ چاغدا يۇرتىڭىزدىكى ئەينى چاغدا سىزگە مۇناسىۋەتسىزدەك تۇرغان ئاق كۆڭۈل ئادەملەر، قاچاندۇر بىر چاغدا كىمنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويغان بىر كىچىك بالا، بازاردىن كەچ قالغىنىڭىزدا ھارۋىسىغا سېلىۋالغان بىر دېھقان، ئۆيىڭىزدە يالغۇز قالغىنىڭىزدا بىر چىنە ئاش سۇنغان قوشنىڭىز، ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ كەلگەن قايسىبىر تونۇشىڭىز، شۇنداقلا سىزگە كىچىككىنە ياخشىلىق قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنى ئويلاپ كۆزىڭىزگە ياش كېلىدۇ. يۇرتىڭىزنىڭ ۋە يۇرتىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ قەدرىگە شۇ چاغدىلا تولۇق يېتىسىز.

# ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلما

دۇنيادا ھالال مېھنەت بىلەن دۇرۇس ياشىغان ئادەم ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق بولىدۇ. گەرچە بەك باي بولۇپ كېتەلمىسىمۇ ھېچبولمىغاندا خار بولمايدۇ. دائىم كىشىلەرگە زىيان سېلىپ، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا كىشىلەرگە قەست قىلىپ ياشىغان ئادەم ئاقىۋەتتە ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ. مىسالى بىر ئادەم كېچىلىرى خەقنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاپ، كىشى كۆرمەستە ئۇمۇمنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان سېلىپ ئۆتتۇەرسە، ئۇنىڭ قىلمىشى ھامان بىر كۈنى پاش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئەلنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقىمۇ، كۆرىدىغان كۆزىمۇ كۆپ. بىرى كۆرمىسە يەنە بىرى كۆرۈپ قالىدۇ. ئاندىن ئەلنىڭ ئالدىدا يامان قىلمىشى پاش بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەم ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. «ياغلىق قاپاق ياغ ئالسىمۇ ياغلىق قاپاق، ياغ ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق» دېگەندەك، ئەلنىڭ ئاغزىدا يامان نامغا قالغان ئادەم دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ قىرىق كۈن يۇيۇنۇپ چىقسىمۇ، ئۆزگە چاپلاشقان يامان ئاتاقنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. مىڭ قىلسىمۇ ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدۇ. گاھىدا تېخى بۇنداق يامان ئاتاق

شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەنلا كەتمەي خوتۇن ـ بالىلىرىغىمۇ ئېشىپ قالىدۇ.

ئوغرى، قىمارۋاز، هاراقكەش، مۇناپىق، پاھىشۋاز، پاھىشە، بەڭگى، جازانىخور، زەيپانە دېگەندەك يامان ئاتاقلارنى شۇنداق گۇناھلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان ئادەملەرنىڭ قىلمىشىغا قارىتا ئەل بېرىدۇ. ئەل باھا ئاغزىدا بۇنداق يامان ئاتاققا قالغان ئادەم تاكى ئۆلگۈچە بۇنداق ئاتاقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ۋىجدانلىق ئادەم ئۇچۇن شۇنداق يامان ئاتاقنى كۆتۈرۈپ ياشاشنىڭ ئۆزى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

# گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار،
# يۇرت دېگەننىڭ قۇرغۇچىسى (بار)

«گەپلا بولسا گەپ ئەمەس، مەزمۇن پۇراقى بولمىسا» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر سۆزى) دېگەندەك، گەپنىڭ ئىچىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەنە ۋە ھېكمەت يوشۇرۇنغان بولمىسا، ئۇنداق گەپنىڭ سۇنىڭ شارقىرىغان، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان، بورانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن پەرقى بولمايدۇ. ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، بىر ـ ئىككى جۈملە سۆز بىلەن ئىخچام بايان قىلىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرنى لەغمەندەك سوزۇپ، ئەزمىسىنى ئېزىپ قۇمدەك سۆزلەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاشمۇ كىشىنى بىزار قىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، تولا سۆزلىگەن ئادەمنىڭ ئىناۋىتى بولمايدۇ. «تولا گەپ ئېشەككە يۈك» دېگەندەك گەپنى مېغىزلىق، ئىخچام قىلغان ياخشى.

ھەرقانداق بىر يۇرت دەسلەپتە مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەسىرلەر داۋامىدا يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى، خالىس تۆھپىسى بىلەن ئاۋات بولىدۇ، تەرەققىي تاپىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەۋزەل شارائىتلىرىمۇ ھەر مىللەت خەل ـ

قىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قان تەر بەدىلىگە كەلگەن. ئەمـ-
دىلىكتە مۇشۇ يۇرتلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش، ئاۋات قىلىـش،
ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش بىزلەرنىڭ مەج-
بۇرىيىتىمىزدۇر. سىز كاتتا باي بولسىڭىز، ئۆز يېنىڭىزدىن
پۇل چىقىرىـپ يېڭـىدىن بىر مـەكتەپ سالـسىڭـىز ياكى بىـر
مەكتەپنى كېڭەيتىپ، يېڭىلاپ بەرسىڭىز، بۇمۇ كـاتتا ئىـش.
شۇ ئىش بىلەن يۇرت قۇرغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالـ-
سىز. شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەلگە پايدىلىقلا ئىش بولسا قىـ-
لىڭ، ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ. يۇرتىمىز سىزدەك ئادەملەر بىـ-
لەن ئاۋات بولىدۇ.

# ۋەتىنىڭ قۇدرەت تاپسا،
# جان ـ تېنىڭ راھەت تاپىدۇ

ئۆتمۈشتە خەلقىمىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن دەيسىز؟ يېگىلى ئاش ـ نان يوق قانچىلىك كىشىلەر ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىشكەن، قانچىلىغان كىشىلەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شالىنىڭ كېپىكى، قوناقنىڭ مەدىكىنى يېيىشكە، تاغلارغا چىقىپ ئاللىقانداق گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يېيىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ چاغلاردا بىر قېتىم تويغۇدەك تاماق يېيىش نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى بېرەتتى. مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغ يوق پىيادە يول يۈرۈشەتتى. بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا بېرىش ئۈچۈن نەچچە كۈن، ھەتتا نەچچە ئاي ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ چاغدا ۋەتىنىمىز نامرات بولغاچقا خەلقىمىزمۇ نامرات، ئاچ ـ يالىڭاچ ئىدى.

مانا ئەمدى ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرۈيدىغان كىشىلەر ئارىمىزدا يوق دېيەرلىك، بار بولسىمۇ بەك ئاز. قاتناش راۋان، تېلېفون بىلەن شۇنچە يىراقتىكى ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىلى بولىدۇ. ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالىمىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا

ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. ۋەتىنىمىز قۇدرەت تاپتى، شۇنىڭغا ماس ھالدا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ كۆپ ياخشىلاندى. بىراق، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىز يەنىلا كۆپ ئارقىدا. باشقىلار ئاللىقاچان يېتىپ بولغان پەللىگە بىز تېخى ئەمدىلەتىن يېتىۋاتىمىز. نادانلىقتىن، نامراتلىقتىن تېخىچە قۇتۇلالمىدۇق. ئەگەر ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزساق، ئۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولغان بولاتتى. **شۇڭا ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرىمىز دېسەك، ھەممىمىز ئورتاق تىرىشىشىمىز كېرەك.** تىرىشماي تۇرۇپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

# ئادەم ئۇلۇغ ــ يەر ئۇلۇغ

ئادەم كائىناتتىكى جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇ تۈپەيلى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھايۋان، جان ـ جانىۋارلار ئادەملەرگە بويسۇنىدۇ ھەم ئادەملەرنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئادەملەرنىمۇ ئەقىللىق قىلغان يەنە شۇ ئادەملەر دەسسەپ تۇرغان يەر ـ زېمىندۇر. يەردىن چىققان زىرائەت، مېۋە ـ چېۋە تۈرلۈك تۈمەن نېمەتلەر بولمىسا ئادەملەرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيان يەر ـ زېمىن تالىشىپ تالاي جەڭلەر بولغان، سانسىزلىغان ئادەملەر ئەزىز جېنىدىن ئايرىلغان، قانلار دەريا بولۇپ ئاققان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەر تالىشىپ، چېگرا ـ پاسىل تالىشىپ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ، بىر ـ بىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشكەن كىشىلەرنىڭمۇ قان بولۇشۇپ كەتكىنىنى، ھەتتا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشلىرىنى بىز ئەتراپىمىزدىن كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئۇلار نېمە ئۈچۈن يەرنى شۇنچە تالىشىدۇ؟ چۈنكى ئاشۇ يەر بولمىسا ئولتۇرىدىغان ئۆي، دۇكان، باغ، زىرائەتلەر بولمايدۇ. ئۇلار بولمىسا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىر

غېرىچ يەرنى تالىشىپمۇ ئۇرۇشىدۇ. مەشھۇر پارس شائىرى ئۇ بۇلقاسىم فىردەۋس بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

يېرىمىز، سۇيىمىز، پەرزەنتىمىز دەپ،
خوتۇن - بالا، دىلبەندىمىز دەپ.
بىرمۇبىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،
ۋەتەننى دۇشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا!

شۇنداق، بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ ئۇلۇغ يەر بولغاندىلا ئاندىن بىزمۇ ئۇلۇغلۇق سۈپىتىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز.

## ئەل سۆيمىگەن ئەردىن،
## گىياھ ئۈنمىگەن يەر ياخشى

مەلۇمكى، ھاياتمۇ، ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل چېغى بولغان ياشلىقمۇ ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تالاي قېتىم ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيدىغان، ياكى چۈشەنسىمۇ قىلچە ئېبرەت ئالمايدىغان، ئەل - يۇرتقا مىسقال پايدىسى تەگمەيدىغان ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ تىرىك يۈرۈشىنىڭ ئۆزى مۇشۇ زېمىن ئۈچۈنمۇ بىر يۈكتۇر. بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن يەنە بىرمۇنچە مەجبۇرىيەتلىرىمۇ بار. بۇنى بىلمىگەن ئەردىن، ئەلنى سۆيمىگەن، ئەلمۇ سۆيمىگەن شۇنداق ئەردىن ئۈنۈمسىز بولسىمۇ يەر ياخشىراق .

بىزنىڭ مەھەللىدە بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ كىشى مەھەللىمىزدىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق ئىشلاردا مەھەللە جامائىتى بىلەن مۇتلەق ئارىلاشمايتتى. بىر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىش - چىقىشمۇ قىلمايتتى، تۇغقانلىرى بىلەنمۇ باردى - كەلدى قىلمايتتى، مەھەللىمىزدە ئۇنىڭ

بىرەر يېقىن دوستىمۇ يوق ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ خوتۇنىمۇ خۇددى بۇيرۇپ سوقتۇرغاندەك ئېرىنىڭ مىجەزىگە بەك ماسلاشقان ئىدى. بىر كىمگە يىڭنە چاغلىق نەپ بەرمەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار مەھەللىمىز ئىچىدىكى باشقا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، ئەل - جامائەتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان غەلىتە ئىنسانلار ئىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ كىشىنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندە، مەھەللىدىن ئۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭغۇدەك تۆت ئادەممۇ تەستە چىقتى. ئاز كۈندىن كېيىن ئېرىمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى. ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ تۆت - بەش كۈندىن كېيىن ئاندىن كىشىلەرگە مەلۇم بولدى، ئۇ كىشى شۇنداق خار ئۆلۈپ كېتىپتۇكى، نە ئۆلگەندە ئېڭىكىنى قاتىدىغان، ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزىدىغانغىمۇ ئادەم چىقمىغان ئىدى.

## غېمىڭ ئەلدە بولسا، ئۆمرۈڭ ئۇزار، غېمىڭ ئۆزۈڭدە بولسا، بەختىڭ تۇزار

دۇنيادا غېمى يوق ئادەم بولمىسا كېرەك، باينىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق غەم ـ قايغۇسى، گادايىنىڭمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا غەم ـ قايغۇسى بولىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ بېشىدىكى غەم ـ قايغۇمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىر ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلىپ، بىر ئۆمۈر شۇنداق ياشاپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلار بار. جامائەت، بىر يۇرت ياكى بىر مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆمۈر بويى شامدەك كۆيۈپ، بىر يۇكسەكلىككە، مەنىۋى كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى، غايىسى، تەقدىرى، ھەتتا ھاياتتىن ئالىدىغان نېسىۋىسى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالىمۇ مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. كېيىنكى خىلدىكى كىشىلەر ھەقىقىي ئادەملەردۇر، دۇنيانىڭ ئىگىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ، نام ـ شەرىپى ئەل ئىچىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ. مانا بۇ ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي بەخت ۋە ئاخىرقى مۇددىئادۇر.

ئىلگىرى ئارىمىزدا ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئالىيجاناب ئىنسانلار كۆپ ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇنداق كىشىلەر كۈنسىرى

ئازىيىپ كەتتى. قېنى ئويلاپ بېقىڭچۇ، ئۆستەڭ ـ ئېرىقلارغا لاي تىنىپ كەتسە، ئۇنى چېپىپ چوڭقۇرلىتىپ سۇ باشلاپ، يەرنى كۆكەرتىپ مول ھوسۇل ئېلىشقا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىسە؛ يولدىكى بىر كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتسە، سەنمۇ، مەنمۇ ئاتايىن بىرمۇنچە يولنى ئوشۇق مېڭىپ ئايلىنىپ ئۆتۈشكە رازى بولدۇق ـ يۇ، كۆۋرۈكنى ئوڭشاپ قويۇشقا ئېرىنسەك؛ بىز كۈندە نەچچە قېتىم ماڭىدىغان كوچىدىكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەتلەرنى كۆرگەندە بۇرنىمىزنى ئېتىۋېلىپ ماڭساق، ئەمما ئۇنى قولمۇ ـ قول ئېلىۋېتىپ مۇھىتىمىزنى پاكىزلاشقا سەنمۇ، مەنمۇ قىزىقمىساق، ئۇ ھالدا بۇ ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ ھېچكىم قىلمايدۇ، ئەپسۇس ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان بىر ئالىيجاناب روھ ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

## ئەلگە ئەل قوشۇلسا دۆلەت،
## ئەلدىن ئەل كەتسە قىيامەت

ئەل بىزنىڭ بەختىمىز، ئەل بىزنىڭ تەختىمىز، ئەل بىزنىڭ بارلىقىمىز.

مەلۇمكى، سانسىزلىغان تارماق ئېقىنلار، بۇلاق سۇلىرى بىرلىشىپ شىددەت بىلەن ئاقىدىغان ھەيۋەتلىك دەريانى ھاسىل قىلىدۇ. ئەكسىچە تاغ ئارىلاپ ھۆركىرەپ كەلگەن قىيان سۇيى يىراقلاپ ماڭغانسېرى تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ كۈچى ئاجىزلاپ ياۋاشلاپ كېتىدۇ. ئەلنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ ئەنە شۇ دەريا سۇيى ۋە قىيان سۇيىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.

يۇرتىمىزدا تاغ ياقىسىغا جايلاشقان بىر چوڭ كەنت بار ئىدى. بۇ كەنت باشقا كەنت - مەھەللىلەر بىلەن چوڭ بىر قىيانلىق ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. كەنت خەلقى ھەر يىلى بىرقانچە قېتىم نەچچە كۈن ھاشار قىلىپ ئاشۇ قىيانلىققا يول ياسايتتى. كۆۋرۈك سالاتتى. لېكىن تاغدىن قىيان كەلسىلا بۇ يول - كۆۋرۈكلەرنى ئېلىپ كېتەتتى. يول بۇزۇلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشى

قىيىن بولاتتى. كەنتتىكى ئاقساقاللار بىرلىشىپ مەسلىھەتلىشىپ مۇشۇ قىيانلىققا بېتوندىن چوڭ بىر كۆۋرۈك سالغۇزماقچى بولۇپ، كىشىلەردىن پۇل يىغدى. ئەمما كۆۋرۈك سالىدىغان چاغدا باشتىكى مەھەللىدىكىلەر بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇدۇلىغا سالايلى دەپ، ئوتتۇرا مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلماي، تۆۋەنكى مەھەللىدىكىلەر تېخىمۇ قوشۇلماي، شۇنىڭ بىلەن كۆۋرۈك سېلىش ئىشى سۇغا چىلاشتى. نەچچە ئون يىلغىچە كىشىلەر يەنە قىيىنىلىپ يۈرۈۋەردى. قانچىلىغان ئادەم قىياندا ئېقىپ ئۆلۈپ كەتتى…

# ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس

ۋەتەن بىزنىڭ سۆيۈملۈك ماكانىمىز. بىز ياشاۋاتقان، پاك تۇپرىقىغا دەسسەپ، ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، جانغا جان ئۇلايدىغان كەۋسەر سۈيىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ ياشاۋاتقان ۋەتىنىمىز خۇددى بىزنىڭ ئائىلىمىزگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئەدناسى بىر باغقا ئۆزۈنغىچە سۇ كىرمىسە، شۇ باغدىكى بارلىق مېۋىلىك دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يوپۇرمىقى سولىشىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا قۇرۇپ قالىدۇ. بىر كۆلنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتسە، شۇ كۆلدىكى بارلىق بېلىقلار ئۆلۈپ كېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ ئامانلىقى، روناق تېپىشى ۋە تەقدىرى شۇ دۆلەتتىكى ھەربىر گىرەژدانىنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە جەمئىيەت قالايمىقانلاشسا خەلقنىڭ ئەھۋالىمۇ خارابلىشىدۇ. ئىلىم ئەھلى خارلىنىدۇ. ئەكسىچە جان بېقىش يولىغا كىرىۋالغان نائەھلىلەر، ۋىجدانىنى يوقاتقانلار، بىر قىسىم پەس تەبىئەتلىك كىشىلەر ئەتىۋارلىنىدۇ. بۇ خىل

ئەھۋالدا ئاز بىر قىسىم كىشىلەر، ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىش بەدىلىگە راھەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەھۋالى يەنىلا بەك ناچار بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىقتىن، تىل - ئاھانەت، تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. يۇرتلىرىمىز تىنچ ئامان بولسا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ، كۆڭلىرىمىز خۇشال - خۇرام ئۆتىدۇ.

# ئەلدىن تانغانلىق — ئەقلىدىن ئازغانلىق

خەلق، يەنى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەر قارىماققا بىزگە ئانچە مۇناسىۋەتسىزدەك قىلغان بىلەن، هاياتىمىز، تۇرمۇشىمىز، تەقدىرىمىز ئۇلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. سەن هەرقانچە قابىلىيەتلىك، باي، ئابرۇيلۇق كىشى بولساڭمۇ، يەنىلا ئەلگە باغلىنىپ، ئەلنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىپ ياشايسەن، ئەلدىن ئايرىلىپ چۆل - باياۋاندا تەنها ياشىيالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس! ياق، دېسەڭ، قېنى ئويلاپ باققىنچۇ، سەن دائىم ماڭىدىغان يولنى كىم ياسىغان؟ سەن ئىچىدىغان ياكى ئېتىز - باغلىرىڭغا سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭنى كىم چاپقان؟ سەن يەۋاتقان ئاش - نان، يەل - يېمىشلەر كىمنىڭ ئەجرى بىلەن كەلگەن؟ سەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، دەردىڭنى يېنىكلىتىپ، روهىڭنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان خەلق ناخشىلىرىنى كىم ئىجاد قىلغان، كىم ئېيتقان؟ ...هەممىسى ئەلنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە بارلىققا كەلگەن. بولمىسا سەن بىر ئادەمنىڭ هەممىسىگە يېتىشىپ بولالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس!

شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەلنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى سەل

چاغلاش، ئەلدىن ئاغرىنىش ۋە بەلكى ئەلدىن تېنىپ، تاشلاپ كېتىپ قېلىش پوتونلەي ئەخمەقلىقتۇر. ئەلدىن تانغان، ئەلنى تەرك ئېتىپ يىراقلارغا كەتكەن كىشىلەردىن ياخشى كۈن كۆرگەن كىشىلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا كونىلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ شۇنداق دەيدىكى، سەن ھەرقانچە ئەۋلىيا بولۇپ كەتسەڭمۇ ئەلدىن تانغۇچى بولما. ئەل بىلەن بىللە ياشا، تەڭ كۈلۈپ، تەڭ يىغلا.

## بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل

«تىرىشقان تاپار» دېگەندەك بىر ئۇلۇغ غايە ـ مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان ئادەم چوقۇم مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئامىللار ئىچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا تىرىشچانلىقتۇر. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەرنىڭ هامان ئىلگىرىلەپ كەتكىنى كەتكەن. هاياتنىڭ ئۆزى كۈرەش دېمەكتۇر. «ئۈجمە پىش ـ ئاغزىمغا چۈش» دەپ خام خىيال قىلغۇچىلارنىڭ ئارقىدا قالغىنى قالغان. ئۇلار زامان شاۋقۇنلىرى ئىچىدە تاسقىلىپ ۋە ئاخىرى بىر چەتتە تاشلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر سىز مەيلى قايسى ساهەدە بولمىسۇن تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، خەلقىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە هۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولسىڭىز، شۇ هۆرمەت تۇپەيلى بېشىڭىز كۆككە يەتكەن بولسا، خەلقىڭ سىزنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىڭىز ئىكەنلىكىنى، خەلقىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىلىق شۇنداق شان ـ شەرەپكە ئېرىشەلىگەنلىكىڭىزنى

ھەرگىزمۇ ئېسىمىزدىن چىقارماڭ. ھەرقانداق بىر تالانت ئىگىسىنىڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەرقانداق بىر شەخسنىڭمۇ چوقۇم ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن تىرەك بولىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم بولىدۇ. شۇ تالانت ئىگىسى ئاشۇ قۇربان بەرگۈچىلەرنىڭ غەمخورلۇقى، شەپقىتىگە تايىنىپلا بۈيۈك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

ھەي، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكۈچى تەلەيلىك دوستۇم، سىز ئۆزىڭىزگە ئۇنچىۋالا تەمەننا قويۇپ كەتمەڭ، بىر ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ھامان چەكلىك بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

# ساداقەتمەن بول ئېلىڭگە،
# ھەمدەم بولۇر غېمىڭگە

ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ خەلق ھامان توغرا باھا بېرەلەيدۇ. بىر ئادەم ئەسكى ئىش قىلغان ياكى ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، «ھېچكىم بىلمەيدۇ»، «ھېچكىم كۆرمىدى» دېگەن بىلەن، ئەل بار ئىكەن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم دائىم ئەلگە پايدىلىق ئىش ـ ئەمەل بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئابرۇيى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدۇ. ناۋادا بېشىغا ئېغىر كۈن كېلىپ قالسىمۇ، ئەل ئۇنىڭغا باشپاناھ بولىدۇ.

مەن بىلىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمگە خۇشخۇي مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى. تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىيلايتتى. قىسقىسى، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش كويىدىلا شاپاشلاپ يۈرۈيدىغان ئادەم ئىدى. مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ بارلىق

تەئەللۇقاتلىرى كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر بۇ ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىپ بۇرۇنقى ئۆيىدىنمۇ ئوبدانراق ئۆي سېلىپ بېرىپتۇ. تۇرمۇشىغا زۆرۈر لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن بىر ئادەمنىڭ يۇرت ـ مەھەللىدىكى ئابرۇيىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

# ئەلنىڭ بالىسى بولساڭ ئەر بولىسەن، بولمىسا يەر بولىسەن

خەلقىمىز ئارىسىدا «ئەر» دېگەن سۆز مەزمۇن قىلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر خېلى كۆپ، مەسىلەن: «ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دۆڭ ياخشى»، «ئەردەك بول، شىردەك بول»، «پايتىمىسى سۆرىلىپ قالسىمۇ ئەر دېگەن ئەر»، «ئەر ئۆلسە ئۆلسۇن، سۆزى ئۆلمىسۇن»، «ئەرنىڭ غېمى ــ ئەلنىڭ غېمى»، «يۇرت سۆيگەن ئەر ــ سايىسى بار دەرەخ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ ئەزەلدىن ئەرلەرگە نەقەدەر چوڭ تەلەپ قويىدىغانلىقى، ئەرنىڭ زىممىسىگە نەقەدەر كۆپ مەجبۇرىيەتنىڭ يۈكلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۆزىگە ئۆزى ھەر دائىم «مەن كىم؟ مەن كىمنىڭ ئوغلى؟ دۇنياغا نېمىشقا كەلدىم؟ قانداق ياشىشىم كېرەك؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ ياشايدىغان ئەرلەر خەلققە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئەلنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى ئۆزىنىڭ غەم ـ قايغۇسى دەپ بىلىدىغان، ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئەركەكلەردۇر. بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ،

لېكىن ئۇلارنىڭ قىسقا ھاياتىدا خەلق ئۇچۇن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىش ـ ئەمىلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن نۇرغۇن ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق بولىدۇ. ئۇنداق ئەرلەرنىڭ ئۆمرى ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئەلنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. مەسىلەن ئالايلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئارانلا 23 ياش ئۆمۈر كۆرگەن. ئەمما ئۇ شۇ قىسقا ئۆمرىدە خەلقىمىزگە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن ئادەملەر قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ بەردى.

# ئەل ئۈچۈن ئۇتقا چۈشسەڭ كۆيمەيسەن

خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر شۇنچىلىك چوڭقۇر مەناغا ئىگىكى، گاھى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى پۈتۈن بىر كىتابنىڭ مەزمۇنىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ھېكمەتلەر مۇجەسسەملەنگەن ماقال ـ تەمسىللەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا، گەپنىڭ تېگىدىكى گەپنى چۈشەنگىنىمىزدە ۋە ئۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاپ پايدىسىنى كۆرگىنىمىزدە شۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىجاد قىلغان خەلقىمىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىمىز ۋە ئاشۇ سۆيۈملۈك خەلقىمىزدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمىز.

ئويلاپ بېقىڭچۇ، ئۇتقا كىرسە كۆيمەيدىغان ئادەم بولامدۇ؟ ياق، مۆجىزە كۆرسىتەلەيدىغان كارامەت ئىگىسى بولمىسىلا، ھەرقانداق ئادەم ئوتتا كۆيىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ تېنىدە گۆش، ياغ، تېرە بولىدۇ. گۆش، ياغ، تېرە دېگەن ئوتتا كۆيۈپ ئېرىپ كېتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى باشقا گەپ، يەنى، ئەي ئاقىل ئىنسان، سەن ئەل ـ يۇرتنى دەپ

ئوتتا كۆيۈپ كەتسەڭ، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ، غەم قىلمىغىنىڭ، ئەلنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆلمەيسەن، نامىڭ ئۆچمەيدۇ. تۇغۇلغان ھەممە ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ. لېكىن ئەلنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قېلىش نەقەدەر چوڭ بەخت ـ ھە؟!

بۇرادەر، سىزنىڭ بېشىڭىزغىمۇ شۇنداق كۈن كەلسە، ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ، ئەل ئۈچۈن ئوتقا كىرسىڭىز كۆيىسىز ـ يۇ، لېكىن «ئۆلمەيسىز».

# كۆزسىز ياشىساڭمۇ، ئەلسىز ياشىيالمايسەن

كۆز ئادەم ئۈچۈن شۇقەدەر مۇھىم ئەزا بولسىمۇ، لېكىن كۆزدىن ئايرىلغان ئەما كىشىلەرمۇ ئەقىل ـ زېھنىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرەلەيدۇ. ئارىمىزدا كۆزى ئاجىز ياكى كۆزى پەقەتلا كۆرمەيدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار يېقىن تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆز ھاجىتىدىن چىقىپ تىرىكچىلىكنى داۋام ئېتىدۇ. تېخى شۇنداق كىشىلەردىن ئۆز قابىلىيىتى بىلەن جېنىنى گۈلدەك بېقىپ، خەلقىمىزگە نەپ بېرىپ ۋە خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن بىر مۇنچە كىشىلەر بار.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ئەقىل ـ پاراستى ھامان چەكلىك بولىدۇ. بىر ئۆزى يالغۇز ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايدۇ. يالغۇز ئۆتكەن ھاياتنىڭمۇ قىلچە مەنىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ ھاياتىدىن بىرەر ئىز قالمىسا، ئۇنداق ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ھېچكىم ياد ئەتمەيدۇ.

# ئەل - يۇرت ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەرگە شەرھى

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچى: ئابدۇۋاھىت مۆلجەرى

مەجمۇئە ئىسمى: ياش - ئۆسمۈرلەر ئەخلاقى تەربىيە مەجمۇئەسى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇزەپپەر رازاق، يۇلتۇز ئۇچقۇنجان
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن، زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ يېڭىيېڭى مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32 كەسلەم 4.875 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 4
خەت سانى: 85 مىڭ خەت
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5372 - 4740 - 5
تىرازى: 1 — 8100
باھاسى: 10.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5372-4740-5

9 787537 247405 >

定价：10.00 元